# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2000·9



تەرەققىي قىلىۋاتقان شىخەنزە شەھىرى بېيچۈەن بازىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت ، ھامىدىن نىياز، جاڭ ۋېنيۆ، جۇ شېڭتاۋ قاتارلىقلار 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كەچتە شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى.

# شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈردى



ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، مۇئاۋىن مۇدىر ما جيەنگو، مۇئاۋىن باش كاتىپ مۇھەممەت رەجەپ شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى قانۇن چىقىرىش كومىتېتىنىڭ رەئىسى فەن شۈلىتەي قاتارلىق ۋەكىللەر بىلەن بىللە.



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى شياڭگاڭنىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.



ئالاتاۋ ئېغىزى پويىز ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى ۋەكىللەرگە ئالاتاۋ ئېغىزىنى تونۇشتۇردى.



يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان موڭغۇللارنىڭ «نادام» مەرىكىسىدە بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم، خ ق دائىمىي كومىتېتى ، خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللەرگە تۆگە تەقدىم قىلدى.

ياڭ يې فوتوسى

## سۈرەتلىك خەۋەر

# چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاقىچە ياڭرىتىش كېرەك

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

مۇقەددەس سوت ھۆكۈم چىقىرىپ، چىرىك ئەمەلدار چېڭ كېجيېگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چىرىكلىكنى جازالاشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ئالقىشلىدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى «ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باپباراۋەر» دېگەن پرىنسىپنى مەدھىيىلىدى. چېڭ كېجيې ۋە ئىلگىرى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن خىيانەتچى ئەمەلدار خۇ چاڭچىڭ بىزگە چوڭقۇر ساۋاق بولدى. خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى كادىرلار چېڭ كېجيېدىن ئىبارەت بۇ مۇناپىقتىن ئىبرەت ئېلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇشىمىز كېرەك.

خۇ چاڭچىڭ، چېڭ كېجيې يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار تۇرۇقلۇق چۈشكۈنلىشىپ ھەممە كىشى لەنەت ئوقۇيدىغان دەرىجىدە چىرىكلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادتىن يۈز ئۆرىگەن، ئۇلارنىڭ نەپسى ئىنتايىن يوغىناپ كەتكەن، ئۇلار پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان ۋاستە قىلىۋېلىپ، ئاخىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغان.

غايە، ئېتىقاد بىر كوممۇنىست ھازىرلاشقا تېگىشلىك سىياسىي ساپا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قىلچە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، نىشاندىن ئادىشىپ، پاتقاققا پېتىپ قالىمىز، ھەتتا تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىمىز. ھەربىر دۆلەت خىزمەتچىسى بولۇپمۇ كادىرلار ھوقۇقى، مالىيە ھوقۇقى ۋە مۈلۈك ھوقۇقىنى تۇتىدىغان رەھبىرىي كادىرلار كوممۇنىستىك غايە ۋە ئېتىقادتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇشى، قەتئىي بوشاشماي ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشى، سۆز ـ ھەرىكىتىنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ تەلىپى بويىچە ھەر ۋاقىت قېلىپلاشتۇرۇپ، باشتىن ئاخىر خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان توغرا يولنى بويلاپ ئىلگىرىلىشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم سېپىدە تۇرىدۇ. ئۇلار دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي تەرەققىياتتا زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشى، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت قارىشىنى پۇختا تىكلەپ، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تىن ئىبارەت مۇھىم ئىدىيىنى ئىزچىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئومۇمىيلىق قارىشى ۋە چوڭ ئومۇمىيلىق قارىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىپ، شەخسىي مەنپەئەت، قىسمەن مەنپەئەت ۋە دۆلەت مەنپەئەتى ئالدىدا دۆلەت مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغدىشى؛ ھېسسىيات بىلەن قانۇن، ھوقۇق بىلەن قانۇن ئالدىدا قانۇننىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغدىشى كېرەك. كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە پائال رول ئوينىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار خۇ چاڭچىڭ، چېڭ كېجيې ۋەقەسىنى سەلبىي دەرسلىك قىلىپ كادىرلارغا بولغان تەربىيە، باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدىلا تۈزىتىشى كېرەك. ئورغۇنلىغان پاكىتلار چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇقنىڭ مۇقەررەر ھالدا چىرىكلىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم ھالقا ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە، ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنى ھەم ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىش ئارقىلىق، ۋەزىپە ئۆتەش ئەھۋالىنى باھالاش، سۈرۈشتۈرۈش، سوراق قويۇش، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ئايرىم دېلولارنى نازارەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى تەجرىبە ھاسىل قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك ۋاستىسى بولۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئادىلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» نى يېتەكچى قىلىپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقى ۋە كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن ئۆتكەلنى ياخشى ئىگىلىشى، تەيىنلىگەندىن كېيىن ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىش ئىشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمە كادىرلىرىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنە ۋە ئىستىلىنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، خەلقنىڭ ياخشى خىزمەتكارى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ھازىر پۈتۈن پارتىيىدە ئاگاھلاندۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەر ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ تەربىيە پائالىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش يولىدا پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(ئايلىق ژۇرنال)

新疆人大

(月刊)

2000 ـ يىل 9 ـ سان

(ئومۇمىي 210 ـ سان)　　(20 ـ يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غۇلام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى



**ئوبزور**

چېرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش كېرەك
..........ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**مەخسۇس خەۋەر**

ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتەيلى
..........لى فېڭزى (4)

**بىلىم كۆزنىكى**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق.......... (10)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر**

تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا باغلىق.......... غېنى مەيتەم (28)

**خىزمەت تەتقىقاتى**

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدىن ئايرىلمايدۇ
..........چاڭ زەيلىن (31)

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا..........ئابدۇكېرىم يۈسۈپ (34)

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى باشقۇرماسلىقى
كېرەك ..........شۇ شيەنچيۇ (40)

قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش شەكىلگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك ..........باتۇرجان ئاتىخان (41)

**دېلودىن مىسال**

7 يىلغا سوزۇلغان پۇقرانىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئەرز قىلىش دېلوسى......چاڭ مىڭشيا، سەي يۈجى (44)

## باشلامچىلار


خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە بېغىشلانغان ئەقىدە
............ ... ............ئابدۇراخمان مامۇت دىيار (53)
ۋاقتىدا قىلىنغان ياردەم ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى ............(55)


## خەۋەرلەر


مۇئاۋىن مۇدىر خوجىخان ھاكىموف باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گورۇپپىسى خوتەندە «يېمەكلىكەر تازىلىقى قا-
نۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى... ............ ............ (56)
تورپان شەھىرىنىڭ باشلىقى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدى............ ........(56)
خەلق ۋەكىللىرى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى............ ... ............(56)
چىرا ناھىيىسىدە يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى
............ ............ ............(58)


## مۇلاھىزە


خەلق قۇرۇلتىيىغا كىم ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟ ............ تيەن بىخۇي (59)


## بىلىۋېلىڭ


پۇراقلىق ساپما كەش سېتىۋالماڭ ............ (61)
تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر ۋىتامىن A نى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك ............ (61)


## تەرجىمىلەر


غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا قانۇنچىلىق ئالدىدا مېڭىشى كېرەك...يۈن خېيىڭ ، چېن جىئەن(62)
ئۇيغۇر ئالىم جيەن بوزەننىڭ ئۇزاللىق دېلوسىنىڭ ئاقلىنىشى............ جاڭ چۈەنئېر(63)
ھېكمەتلەر ............ ......پ م يىلتىز(55)



بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: شىنجاڭ رەڭلىك مېتاللارسانائىتى شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش
ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830000



ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتەيلى

## قۇمۇلدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم

لى فېڭزى



6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، بەنگوڭتىڭدىكى ئۈچ يولداش بىلەن قۇمۇل ۋىلايىتىگە بېرىپ 7 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشنىڭ سىياسەت، تەدبىرلىرىنى تۈزگەنلىكى ۋە قوللانغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىشىغا قانداق كونكرېت پىكىر، تەلەپلىرى بارلىقىنى ئىگىلىدۇق. مۇشۇ تېمىنى چۆرىدەپ قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى ۋە قۇمۇل شەھىرى، بارىكۆل ناھىيىلىك پارتكوم، ئاراتۇرۇك ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ئاراتۇرۇك ناھىيە نوم يېزىلىق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىدۇق، نەق مەيداندا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ سۇنى تېجەش قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش، تۇپراقسىز ئۆستۈرۈش، تۆگە قۇشى باقمىچىلىق فېرمىسى، كىچىك شەھەر، بازار قۇرۇلۇشى ۋە تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى تورمۇش بازىسىنىڭ باشقۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردۇق ھەمدە ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن سۆھبەتلەشتۇق، پىكىر ئالماشتۇردۇق.

### 1. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇش

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پائال ئىلگىرىلەيدىغان، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغان، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان روھقا ئىگە ئىكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە چاقىرىلغان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، قۇمۇل ۋىلايىتى يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللاتچىلىق قىلغان، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەركىزىي ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىدا ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش كەچ كۇرسىدا «قۇمۇل غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا قانداق قىلىشى كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۇچۇن ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك ۋە جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەن، ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، كادىرلار ۋە ئاممىنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى توۋەندىكى ئالتە جەھەتتىن تۇتۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئېلىپ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە خىرىسنى كۆتۈۋېلىشقا يېتەكلىگەن. بىرىنچى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، ئۇششاق يېزا

ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بېكىنمىچىلىك، كونىلىقـقـا
يېپىشىۋېلىش قارىشىنى، پىلانلىق ئىگىلىك شارائى-
تىدا شەكىللەنگەن كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىش
ئېڭىنى ۋە تۈرلۈك «سول» چىل ئىدىيىلەرنىڭ تو-
سالغۇلىرىنى تىرىشىپ سۈپۈرۈپ تاشلاپ، رايون ئەھ-
ۋالى، خەلق ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى يېڭى-
باشتىن تونۇپ، ناچار شارائىتنى توغرا تـەھـلـىل
قىلىپ، غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇپ،
غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا خوجايىن ۋە
ئىجادكار سۈپىتىدە ئاتلىنىش. ئىككىنچى، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇ-
مىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ،
شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىككە ئىگە رايونلىرىنىڭ ئاۋۋال
يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى پائال قوللاش.
ئۈچىنچى، ئورۇننى توغرا تاللاپ، تەشەببۇسكارلىق
بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەل بايلىقـىغـا ۋە
مەھسۇلاتىغا تايىنىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ئېتى-
كىدىكى ئىقتىسادىي بەلباغ بىلەن بىرلىشىش. تۆ-
تىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پۇختا قە-
دەم بىلەن ئىلگىرىلەش، ھە ـ ھۇ بىلەنلا قالايمىقان
ئىش باشلاشتىن ساقلىنىش. بەشىنچى، جاپاغا چىداپ
ئىگىلىك يارىتىش، ئىشنى پۇختا قىلىش.
ئالتىنچى، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق
بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىجتىمائىي خىزمەتنى ئەستا-
يىدىل ياخشى ئىشلەپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت
يارىتىش.

قۇمۇل ۋىلايىتى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي
مەھكىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دېھقانچى-
لىق ـ چارۋىچىلىق، قېزىلما بايلىق ۋە ساياھەتچى-
لىكتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كەسپنى گەۋدىلەندۈرۈپ،
بايلىق ئەۋزەللىكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇ-
رۇش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، بايلىق ئەۋ-
زەللىكىنى كەسىپ ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇشنى تېز-
لىتىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشقا
يۈزلەنگەن. قۇمۇل شەھىرى ۋىلايەتتە نۇقتىلىق ھالدا
ئالدىن راۋاجلاندۇرۇلىدىغان رايون بولۇش سۈپىتى

بىلەن، سانائەت ئىقتىسادىنى باشلامچى، ئۆزگىچە يېزا
ئىگىلىكى، ساياھەتچىلىك ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىنى تا-
يانچ قىلغان ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى
كېرەك. باركۆل ناھىيىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يې-
رىم چارۋىچىلىق ناھىيىسىدىن كۈچلۈك چارۋىچىلىق
ناھىيىسىگە ئايلىنىشى كېرەك. ئاراتۈرۈك ناھىيىسى
شەرقتە ئىقتىسادنى، غەربتە چارۋىچىلىقنى راۋاجلان-
دۇرۇشتەك تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يـولـغـا
قويغان، ۋىلايەت ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگى-
يىسىنىڭ پۇختا يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېڭى
ئىقتىسادىي ۋەزىيەت دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن
ھەمدە گۈزەل تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن.
قۇمۇل شەھىرى كانچىلىقنى باشلامچى قىلىپ، ئۆز-
گىچە سانائەت تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، مەملىكەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەمەلىي كۈچكە ئىـگـە چـوڭ
گۇرۇھ، چوڭ شىركەتلەرنى مەبلەغ سېلىشقا جەلپ
قىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلغان، نۆۋەتتە
شياڭگاڭ تيەنشىڭ خەلقئارا شىركىتى، شىـنـجـاڭ
سەنۋېي شىركىتى، شىنتيەن خەلقئارا شىركىتى،
شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر گۇرۇھى، خۇيتۇڭ
سۇچىلىقى، دىلۇڭ گۇرۇھى قاتارلىق 8 چوڭ كارخانا
قۇمۇل شەھىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بايلىق ئاچقان،
پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ۋە قۇرۇلۇۋاتقان
تۈرلەردىن 300 مىڭ توننىلىق چيۇتۇەن تۈرى، كۈندە
350 تونننا ئالتۇن رودىسىنى بىر تەرەپ قىلىش كېنى-
نى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، 500 توننىلىق مىس ـ
نېكىل ئايرىش تۈرى، 30 مىڭ توننىلىق FA خەن-
دىلۇڭ تۈرى، 200 مىڭ توننىلىق يودلۇق تۇز تۈرى
قاتارلىقلار باركەن، دۆلەت ئىلكىدىكى ئوتتۇرا، كى-
چىك كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئومۇمىي
مۇلۇكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكمۇ خېلى راۋاجلانغان.
1999 ـ يىلى شەھەر بويىچە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىن
باشقا ئىگىلىكنىڭ تىجارەت كىرىمى 630 مىلـيـون
يۈەنگە، تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن
ئاشىدىغان كارخانا 23 كە يەتكەن، ئىجتىمائىي كاپالەت
سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان،
كارخانىلاردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارغا

ئىجتىمائىيلاشقان بېقىلىش فوندى تارقىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، بۇ جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. شەھەر قۇرۇلۇشى قەدىمى تېزلىتىلىپ، شەھەر قىياپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان. يېزا ئىگىلىك خىزمىتىدە «جەنۇبتا باغۋەنچىلىكنى، شىمالدا چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرغان، بىز كۆرگەن چوڭ پارنىكتا تۇپراقسىز ئۆستۈرۈلگەن قوغۇننىڭ مو بېشى كىرىمى 15 مىڭ يۈەنگە يېتىدىكەن. قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تەدرىجى ئىلگىرى سۈرۈش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، ھەر يىلى 1 ـ 2 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرغان، يېقىندا يەنە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى كۈتۈۋېلىش، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە دائىر ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**2. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىشىغا بېرىلگەن تەكلىپ**

قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ھەرقايسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا دائىر تەدبىرلەرنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرگەن. قۇمۇل شەھىرى 3 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، قۇمۇل شەھىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ 5 يىللىق ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، شەھەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسى يېزىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي پىلانى بويىچە، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئارقىلىق 68 ماددىلىق يېزا قائىدىسى، يۇقىرىلار ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ۋە ياخشى جەمئىيەت ئامانلىقى مۇھىتىغا كاپالەتلىك قىلغان. ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە تەڭ دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى دەۋر قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى پائال يۈرگۈزۈپ، قوللاش بىلەن نازارەت قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پايدىلىق قانۇنچىلىق مۇھىتى يارىتىپ، تېگىشلىك رول ئوينىغان. ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ھەرقايسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىمۇ ئىنتايىن قوللاپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللاش ھەققىدە ئارقا ـ ئارقىدىن قارار چىقىرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەر ئومۇميۈزلۈك ھالدا سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىكىلەر، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلاردىكىلەر قاتناشقان سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچۋاتقان ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش ئىشىنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل

مۇھاكىمە قىلىپ بەزى ياخشى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى قانداق قىلىپ جارى قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، كان مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش، باشقۇرۇشقا دائىر نىزاملارنى تۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ شېرىكسىز مەبلەغ سېلىش، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىش ۋە پاي تۈزۈمى قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، بايلىق ئېچىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلىنىشىنى تېزلىتىش. ئىككىنچى، زور كۈچ بىلەن مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈشنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇش. ئۈچىنچى، مەمۇرىي، ئەدلىيە خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان نىزاملارنى تۈزۈپ، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتى ۋە جىسمانىي بىخەتەرلىكىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى قوغداش. تۆتىنچى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان نىكاھنى باھانە قىلىپ پۇل-مال ئۇندۇرۇۋېلىش مەسىلىسىگە قارىتا مۇناسىپ يەرلىك نىزام تۈزۈپ، توي ئىشلىرىنى ھەشەمەتلىك قىلىش، كۆپ تويلۇق تەلەپ قىلىش ئەھۋالىنى توسۇپ، يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش.

**3. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش جەھەتتىكى بىر قانچە پىكىرىم**

بۇ قېتىم قۇمۇلدىكى تەكشۈرۈشىمىزنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، لېكىن ھەرمىللەت كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ئاتلىنىش جەھەتتىكى زور قىزغىنلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى، ئىسلاھاتنى تېزلىتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى جىددىي ئارزۇسىنى ھېس قىلدۇق. بولۇپمۇ نەق مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈش، كادىرلار ۋە ئامما بىلەن چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى قانداق چىڭ تۇتۇپ، ئېچىش ۋە قۇرۇلۇشنى تېزلىتىش ئۈستىدە باش قاتۇردۇق. ھەممە قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى، مەمۇرىي مەھكىمە، ھەرقايسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتتىكى يولداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردۇق.

*1) غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش پۇرسىتىنى قانداق چىڭ تۇتۇش مەسىلىسى توغرىسىدا.* بۇ مەسىلە باش شۇجى جياڭ زېمىن 1998-يىلى شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا سۆزلىنىپ كېلىۋاتىدۇ ھەممە بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەندى، لېكىن تا بۈگۈنگە قەدەر بىزدە يەنىلا ئۈنۈملۈك تەدبىر، سىياسەت، قانۇن-نىزام كاپالىتى كەم بولۇۋاتىدۇ. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش تەكىتلەنگەندە، بىرەر كونكرېت مەسىلىگە دۇچ كەلسىلا كىتاب ئاختۇرۇپ ئاساس ئىزدەيدىغان ئەھۋال ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق قىلساق پۇت-قولىمىزنى چۈشەپ قويىمىز. دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ تەجرىبىسى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، پۇرسەت يېڭىلىق يارىتىشقا باغلىق، پۇرسەت مەڭگۈ يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ. ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەلەپ قىلغاندەك ئويلاشقا، سىناق قىلىشقا، چېنىقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھقا ئىگە بولۇشى، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىنى يۈرەكلىك تەتبىقلىشى لازىم. بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرغان شارائىتتا، بايلىقنى تەقسىملەش شەكلىدە، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇھىتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. بىز بۇ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ سىياسەت، نىزام ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، ئىقتىساد، سىياسەت ۋە قانۇن ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق، ئادىل رىقابەت مۇھىتى يارىتىشىمىز، ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشكە ماھىر بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

*2) ئېچىشنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش مەسىلىسى توغرىسىدا.* ئېچىشنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت. ئېچىش دېگەنلىك بوز يەر ئېچىش دېگەنلىك ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى قارىغۇلارچە كېڭەيتىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. شىنجاڭنىڭ قېزىلما بايلىقى ۋە سۇ ـ تۇپراق بايلىقى ناھايىتى مول، شىنجاڭنى ئېچىشتا بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشنى دەۋر قىلىش توغرا. ئەمما تېخىمۇ كەڭ دائىرىنى، تېخىمۇ يىراقنى ئويلاش كېرەك. بايلىق ھەم تەبىئىي بايلىقنى ھەم كاپىتال، ئىختىساس ئىگىلىرى، ئۇچۇر قاتارلىق كۆپ خىل بايلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يالغۇز تەبىئىي بايلىققا تايىنىپ ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغاندا، ئىقتىساد بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە لايىقلاشالمايدۇ، تەبىئىي بايلىقنى ئېچىشنى باشقا بايلىقنى ئېچىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەش جەھەتتىكى ئۈللۈق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادنى تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. دۇنيادىكى ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان بەزى دۆلەتلەر ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقنى ئۇنچىۋالا مول دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، ئۇلار ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان، بۇ مەسىلە چوڭقۇر ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

*3) يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا.* پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، رېئال تۇرمۇشتا ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا يەككە ـ خۇسۇسىي ئىگىلىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرىماقتا. مېنىڭچە، بىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئاساسلىق پەرقىمىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىك ۋە شەھەر ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتا. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىزدىن ھەم بازار ئېچىشنى، تاۋار ئىگىلىكىنى چىڭ تۇتۇشنى، ھەم ئەستايىدىل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، كاپىتال تىجارىتىنى ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كاپىتال تىجارىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەرخىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋال ھەر ۋاقىت كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۈگۈنكى دۆلەت كارخانىسى ئەتە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قولىدىكى پاي مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا، بۈگۈنكى خۇسۇسىي كارخانا ئەتە دۆلەت پاي كونتروللۇقىدىكى كارخانىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. كارخانىنى مۇشۇنداق تەرەققىي قىلدۇرۇش شەكلى باشقۇرغۇچىلار ۋە ئىشچى، خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ قوزغىيالايدۇ، دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش ۋە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىدۇ. بۇ مەسىلىدە، بىز ئىدىيىمىزنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا شەكىللەنگەن تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئادىتىمىزنى قەتئىي تۈگىتىپ، مەبلەغ سېلىشنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەبلەغ سالغۇچىنىڭ كىم بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي قارشى ئېلىشىمىز، دۆلەت ئېنىق بەلگىلىگەن ئىقتىسادىي ساھە ۋە كەسىپلەردىن باشقىلىرىنى مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئېچىۋېتىشىمىز كېرەك. ئومۇمەن چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان ساھە ۋە كەسىپلەرنى دۆلەت ئىچىدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىپ، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى، كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش كېرەك.

*4) كىچىك شەھەر، بازار قۇرۇلۇشى مەسىلىسى توغرىسىدا.* كىچىك شەھەر، بازارلارنى راۋاجلاندۇرۇش چوڭ ئىستراتېگىيە ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت نوپۇسىنى

ئومۇمىي سان جەھەتتىن تىزگىنلەيدۇ، قىسمەن رايونلاردا نوپۇسنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نوپۇس مەركىزى—مال ئوبورت مەركىزى—ئىقتىساد مەركىزى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. قومۇلدىكى 480 مىڭ نوپۇس ئىچىدە شەھەر نوپۇسى ئىككىدىن بىرنى ئىگىلەيدىكەن، بۇ، بۇندىن كېيىن شەھەر ئىقتىسادىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ھازىر بار بولغان شەھەر قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە، كىچىك شەھەر ـ بازارلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ناھىيە بازىرى ۋە يېزا ـ بازار قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، دېھقانلارنىڭ شەھەر ـ بازارلاردا ئولتۇراقلىشىپ 2 ـ، 3 ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىش، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى شەھەر ـ بازارغا مەركەزلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇلارغا شەھەر ـ بازار نوپۇسى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك، ئىچكىرىنىڭ دېھقانلار شەھەرگە كىرسە ھۆددىگە ئالغان يېرىنى ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىكتەك ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلارنى غەمدىن خالاس قىلىپ، يېزىلاردىكى ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ شەھەر، بازارغا كىرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا، كارخانا قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، شەھەر ئىقتىسادىنى زورايتىشقا بولىدۇ.

*5) نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئىشلىتىش مەسىلىسى توغرىسىدا.* يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ تويۇنۇش ـ كىيىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن باشقا، قىسمەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئاجرىتىپ، دەسمايە سۈپىتىدە يۈرۈشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بازاردىكى ئۈنۈمى ياخشى بولغان كارخانىلار ياكى ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولغانلارنى يوشۇرۇن ئەمگەك كۈچى كۆپ بولغان گۇرۇھ، كارخانىلارنى مەبلەغ سېلىپ باشقۇرۇشقا جەلپ قىلغاندا، ئۇنىڭ پايدىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ قىممىتىنى ساقلىغىلى ۋە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، نامرات ئائىلىدىكى بىرەر ئەمگەك كۈچىنى تەربىيىلەپ كارخانىدا ئىشلەشكە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، شارائىتى بارلىرى باشقۇرغۇچى بولسىمۇ بولىدۇ، مۇشۇنداق قىلغاندا نامرات ئائىلىلەرنىڭ مۇقىم كىرىمى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەپ قېيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

*6) دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا.* ئارا تۇرۇك ناھىيىسىنىڭ نوم يېزىسى ئارا تۇرۇكنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي زىرائەت رايونى، بۇ جاينىڭ قوغۇنى كېيىن پىشىدۇ، سۈپىتىمۇ ياخشى بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ئەمما ئۇ يەردە ئەتىياز، ياز ۋە كۈز پەسىلىدىكى قۇرغاق، ئىسسىق شامالنىڭ زىيىنى ئېغىر ئىكەن، كۆپ يىللاردىن بۇيان كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ مەسىلە ئىزچىل تۈردە ھەل بولماپتۇ. شۇڭا، مەن بىز كۆپ يىلاردىن بۇيان كەڭ كۆلەمدە ئورمان بىنا قىلغان بولساقمۇ، باشقۇرۇش يېتىشىپ ماڭالمىغاچقا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىكىمىزنى ئويلاپ يەتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مۇنداق تەكلىپ بەردىم: يېزىنىڭ ئورمان بىنا قىلىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، يەرنى دېھقانلارغا ھۆددىگە بېرىپ، دېھقانلار ئورمان بىنا قىلسا، ئوت ـ چۆپ تېرىسا، پايدىسى پۈتۈنلەي دېھقانلارنىڭ بولسا، ھەم ئورماننىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى ھەم دېھقانلارنىڭ كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيىلىك پارتكوم مېنىڭ پىكرىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بۇ ئۇسۇلنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يولغا قويۇشقا بولىدۇ، بۇ شىنجاڭنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، مۇھىتنى ئاسراشقا ئىنتايىن پايدىلىق.

ئەمەت توختى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 4828065—61203

# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلىدە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلاردا ئادەتتە ئىشخانا ۋە ئالاقىدار كەسپىي باشقارما تەسىس قىلىنىدۇ.

(2) ئاپتونوم ئوبلاست، رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئادەتتە ئۈنۈملۈك ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە باشقا خىزمەت ئاپپاراتلىرىدىن 3 ـ 4 ى تەسىس قىلىنىدۇ:

① بەنگۇڭتىڭ (ئىشخانا). ئاساسلىقى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كاتىبات خىزمىتىگە، ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى ھەم ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە ۋە ئورگاننىڭ ئارقا سەپ مۇلازىمىتىگە مەسئۇل.

② ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە سايلاش ـ تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش باشقارمىسى (ياكى خىزمەت كومىتېتى). ئاساسلىقى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل بولۇپ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە پائالىيەتكە تەشكىللەيدۇ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى بېجىرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت ئىشلارنى بېجىرىدۇ، شۇ دەرىجىلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ.

③ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن باشقا ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى، مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتى كومىتېتى، مىللەتلەر خىزمىتى كومىتېتى، ۋەھاكازالار. ئۇنىڭدىن باشقا، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم ئوبلاست، رايونلۇق شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا قانۇنچىلىق، مالىيە ـ ئىقتىساد، مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە قاتارلىق مەخسۇس كومىتېتلار تەسىس قىلىنسا بولىدۇ، ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلار ۋە ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

(3) ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، رايونسىز شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىدا ئادەتتە 1 ـ 3 كىچە ئۈنۈملۈك ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ۋە باشقا خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىدۇ:

①ئىشخانا. ئاساسلىقى كاتىبات ۋە مەمۇرىي ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

②ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش بۆلۈمى (ياكى خىزمەت كومىتېتى). شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل بولۇپ، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە پائالىيەتكە تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنىڭ بېجىرىلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بارىدۇ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىنىڭ رەئىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا ئالاقىدار خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

③شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان باشقا خىزمەت ئاپپاراتلىرى، مەسىلەن، مالىيە-ئىقتىساد، قانۇنچىلىق، مائارىپ-پەن-مەدەنىيەت خىزمىتى كومىتېتلىرى ياكى بۆلۈم، ئىشخانىلار.

ئۈچىنچى، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنمايدۇ، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا رەئىس تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن رەئىس تەسىس قىلىنىشقا بولىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل بولىدۇ، ۋەكىللەرنى پائالىيەتكە تەشكىللەيدۇ ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد، پىكىرلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە قوللىشىغا موھتاج بولغاندا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تارمىقى بىلەن ئالاقىلەشسىمۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدارخىزمەت تارمىقى بىلەن ئالاقىلەشسىمۇ بولىدۇ.

5. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىغان مەخسۇس خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىدۇ.

قانۇندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى چوقۇم شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا زۆرۈر بولغان شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، ۋەكىللەرنىڭ خىزمىتى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈش ياكى يۈرگۈزەلمەسلىكىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك: يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى

ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇل خىزمىتى سۈپىتىدە، مەخسۇس ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىشى لازىم. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە يىغىن يېپىق مەزگىلدە باشقا پائالىيەتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

2. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرگە قارىتا بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر قايسى ئىجرا قىلغۇچى ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ بىجىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ۋەكىللەرگە جاۋاب بېرىدۇ؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھال - ئەھۋال ئىيتىپ كەلگەن ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە خەت - چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

3. ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئىشخانىسىنىڭ كونكرېت خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئاممىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى توغرىسىدىكى خەت - چەكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

4. بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۆز رايونىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ياكى ئولتۇراقلاشقان بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىنى زۆرۈر بولغان مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

5. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ياكى ئامما ئىنكاس قىلغان ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىشقا دائىر خەت - چەكلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرىدۇ ۋە ئەھۋال ئىگىلەيدۇ ھەمدە ئالاقىدار ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

6. تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

7. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا دائىر كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى خىزمىتىدە ساقلانغان ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

8. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا دائىر كونكرېت ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

**6. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسى**

يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى يېزا، مىللىي يېزا، بازارنىڭ مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ھەر نۆۋەتلىكىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. قانۇندىكى

بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى تۆۋەندىكىدەك خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ: (1) ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، نىزاملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارارلىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا رىئايە قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ (2) خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە قارار ماقۇللايدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ؛ (3) دۆلەتنىڭ پىلانىغا ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە ئاممىۋى ئىشلارنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىنى بېكىتىدۇ؛ (4) ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ مالىيە خام چوتى ۋە خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ؛ (5) ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى خەلق ئىشلىرى خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىلانىنى بېكىتىدۇ؛ (6) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسىنى سايلايدۇ؛ (7) يېزا باشلىقىنى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنى، بازار باشلىقىنى، مۇئاۋىن بازار باشلىقىنى سايلايدۇ؛ (8) يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە قاراپ چىقىدۇ؛ (9) يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ؛ (10) سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مۈلۈكنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مۈلۈكنى، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى قانۇنلۇق مال ـ مۈلكىنى قوغدايدۇ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداپ، پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا، دېموكراتىك ھوقۇقىغا ۋە باشقا ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ (11) تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ؛ (12) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ؛ (13) ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا ئاياللارغا بېرىلگەن ئەرلەر بىلەن ئاياللار باراۋەر بولۇش، ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق ئېلىش، نىكاھ ئىشىدا ئەركىن بولۇش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

يېزا، مىللىي يېزا، بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرىدا رەئىس تەيىن قىلىنىدۇ ھەمدە بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن رەئىس تەيىن قىلىشقا بولىدۇ. رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋەكىللەر ئىچىدىن سايلىنىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىشىگە بولمايدۇ؛ ئەگەر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىسە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىك خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەك. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىشكە مەسئۇل بولۇپ، ۋەكىللەرنى پائالىيەتكە تەشكىللەيدۇ ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ ۋە ئاممىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە قارىتا بەرگەن تەۋسىيە، تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

يېزا، مىللىي يېزا، بازارلارنىڭ خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىن ئۆتكۈزگەندە، ھەيئەت رىياسەتنى سايلايدۇ. ھەيئەت رىياسەت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ ھەمدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىنى چاقىرىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئەزاسى بولىدۇ.

13

## دۆلەت رەئىسى ۋە مەمۇرىي ، سوت ، تەپتىش ئورگانلىرى ھەم ئالاقىدار ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

### 1 . دۆلەت رەئىسىنىڭ ئاساسلىق خىزمەت ھوقۇقى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ دۆلەت باشلىقىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ . ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ سايلاش ھوقۇقىغا ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە 45 ياشقا توشقان پۇقراسى دۆلەت رەئىسلىكىگە ، مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانسا بولىدۇ . ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ بەش يىل بولىدۇ ، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى ئىككى نۆۋەتتىن ئاشمايدۇ . ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ئاساسلىقى مۇنۇلاردىن ئىبارەت : جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن قانۇنلارنى ئېلان قىلىدۇ ، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسىنى ، مۇئاۋىن زۇڭلىلىرىنى ، دۆلەت كومىسسارلىرىنى ، مىنىستىرلارنى ، كومىتېت مۇدىرلىرىنى ، باش ئىقتىسادىي تەپتىشنى ، باش كاتىپنى تەيىنلەيدۇ ـ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ ، دۆلەتنىڭ ئوردېن ۋە پەخرىي ناملىرىنى بېرىدۇ ، ئالاھىدە كەچۈرۈم بۇيرۇقى چىقىرىدۇ ، ھەربىي ھالەت بۇيرۇقى چىقىرىدۇ ، ئۇرۇش ھالىتى جاكارلايدۇ ، سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقىرىدۇ . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ۋاكالىتەن چەت ئەل ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن چەت ئەللەردە تۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىللەرنى ئەۋەتىدۇ ـ چاقىرتىۋالىدۇ ، چەت ئەللەر بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامە ۋە مۇھىم كېلىشىملەرنى تەستىقلايدۇ ـ بىكار قىلىدۇ .

### 2 . گوۋۇيۈەن تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئاساسلىق خىزمەت ھوقۇقى

گوۋۇيۈەن يەنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنىدۇر ، دۆلەتنىڭ ئالىي مەمۇرىي ئورگىنىدۇر .

گوۋۇيۈەن زۇڭلى ، مۇئاۋىن زۇڭلىلار ، دۆلەت كومىسسارلىرى ، مىنىستىرلار ، كومىتېت مۇدىرلىرى ، باش ئىقتىسادىي تەپتىش ، باش كاتىپتىن تەركىب تاپىدۇ . زۇڭلى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ، زۇڭلى گوۋۇيۈەننىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ ، مۇئاۋىن زۇڭلىلار ، دۆلەت كومىسسارلىرى زۇڭلىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىدۇ . زۇڭلى ، مۇئاۋىن زۇڭلىلار ، دۆلەت كومىسسارلىرى ۋە باش كاتىپ گوۋۇيۈەن دائىمىي كېڭىشىنى تەشكىل قىلىدۇ . زۇڭلى گوۋۇيۈەن دائىمىي كېڭىشىنىڭ يىغىنىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىدۇ ھەم باشقۇرىدۇ . گوۋۇيۈەننىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، بەش يىل بولىدۇ . زۇڭلى ، مۇئاۋىن زۇڭلىلار ، دۆلەت كومىسسارلىرىنىڭ ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىككى نۆۋەتتىن ئاشمايدۇ .

ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، گوۋۇيۈەن تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

1. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەيدۇ، مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىدۇ، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىدۇ؛

2. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەكلىپ بېرىدۇ؛

3. مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ۋە مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلەيدۇ، مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارنىڭ خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ ھەمدە مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلارغا تەۋە بولمىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك مەمۇرىي ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ؛

4. پۈتۈن مەملىكەتتىكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ، مەركەزدىكى ۋە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ كونكرېت خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ؛

5. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، دۆلەت خام چوتىنى تۈزىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ؛

6. ئىقتىسادىي خىزمەتكە ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدۇ؛

7. مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدۇ؛

8. خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ۋە مەمۇرىي تەپتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ ھەم بۇ خىزمەتلەرنى باشقۇرىدۇ؛

9. تاشقى ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، چەت ئەللەر بىلەن شەرتنامە ۋە كېلىشىم تۈزىدۇ؛

10. دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ؛

11. مىللەتلەر ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە بۇ ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ؛

12. جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلارنىڭ ۋە مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ؛

13. مىنىستىرلىكلەر، كومىتېتلار چىقارغان نامۇۋاپىق قارار، بۇيرۇق ۋە نىزاملارنى ئۆزگەرتىدۇ ياكى بىكار قىلىدۇ؛

14. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ ياكى بىكار قىلىدۇ؛

15. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ چېگرىسىنى تەستىقلايدۇ، ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ۋە چېگرىسىنى تەستىقلايدۇ؛

16. ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر تەۋەسىدىكى قىسمەن رايونلاردا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ؛

17. مەمۇرىي ئاپپاراتلارنىڭ شتاتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە مەمۇرىي خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇ-

رىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، سىناپ كۆرىدۇ، مۇكاپاتلايدۇ ۋە جازالايدۇ.

18. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى بەرگەن باشقا خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ.

**3. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئاساسلىق خىزمەت ھوقۇقى**

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرىدۇر، شۇنداقلا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدۇر. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايونلۇق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆلكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى؛ شەھەرنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى؛ ئوبلاستنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە باش كاتىپ، نازىر، ئىدارە باشلىقى، كومىتېت مۇدىرلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار؛ شەھەرنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى؛ رايوننىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ۋە ئىدارە باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ناھىيىدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى ھەر نۆۋەتلىكىنىڭ بەش يىل بولىدۇ. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

1. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارارلىرىنى ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، مەمۇرىي تەدبىرلەرنى بەلگىلەيدۇ، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىدۇ؛

2. ئۆز قارىمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ؛

3. ئۆز قارىمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ نامۇۋاپىق بۇيرۇق، يوليورۇقلىرىنى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ نامۇۋاپىق قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ ياكى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ؛

4. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ، سىنايدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ، جازالايدۇ؛

5. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، خام چوتنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىساد، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى، شەھەر بىنا قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ۋە مالىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مىللەتلەر ئىشلىرى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، مەمۇرىي تەپتىش، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەمۇرىي خىزمەتلەرنى باشقۇرىدۇ؛

6. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ

كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى قوغدايدۇ، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى قانۇنىي مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلايدۇ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي هوقۇقى، دېموكراتىيە هوقۇقى ۋە باشقا هوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ؛

7. ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي هوقۇقىنى قوغدايدۇ؛

8. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ هوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە هۆرمەت قىلىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن، تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ؛

9. ئاياللارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بەرگەن ئەر - ئاياللار باراۋەر بولۇش، ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش هەق ئېلىش ۋە نىكاھ ئەركىنلىكى قاتارلىق هوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ؛

10. يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

قانۇندا يەنە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى قانۇنلارغا، مەمۇرىي نىزاملارغا ۋە شۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا ئاساسەن قائىدە تۈزسە بولىدۇ، ئۇنى گوۋۇيۈەنگە ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى تورۇشلۇق شەھەر ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان چوڭراق شەھەرلەرنىڭ خەلق هۆكۈمەتلىرى قانۇنلارغا، مەمۇرىي نىزاملارغا ۋە شۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا ئاساسەن قائىدە تۈزسە بولىدۇ، ئۇنى گوۋۇيۈەنگە، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا، خەلق هۆكۈمىتىگە شۇنىڭدەك شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

**4. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق هۆكۈمىتى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئاساسلىق خىزمەت هوقۇقلىرى**

يېزا، بازار هاكىمىيەت تەشكىلى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ ئاساسىي قاتلام هاكىمىيەت تەشكىلىدۇر. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق هۆكۈمەتلىرىدە يېزا باشلىقى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، بازار باشلىقى، مۇئاۋىن بازار باشلىقى تەسىس قىلىنىدۇ. مىللىي يېزىنىڭ باشلىقلىقىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق هۆكۈمەتلىرىنىڭ هەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق هۆكۈمەتلىرى تۆۋەندىكى خىزمەت هوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ:

1. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارارلىرىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىدۇ؛

2. ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە

ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، خام چوتىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى ئىقتىساد، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى ۋە مالىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەمۇرىي خىزمەتلەرنى باشقۇرىدۇ.

3. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى قوغدايدۇ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلايدۇ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

4. ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ.

5. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ.

6. ئاياللارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بەرگەن ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇش، ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق ئېلىش ۋە نىكاھ ئەركىنلىكى قاتارلىق ھوقۇقلىرىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ؛

7. يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بېجىرىشكە تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

**5. خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە خىزمەت ھوقۇقى**

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى دۆلەتنىڭ سوت ئورگانلىرىدۇر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنى ۋە ھەربىي سوت مەھكىمىلىرى قاتارلىق مەخسۇس سوت مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېلولارنى قاراپ چىقىشتا كېڭەشمە تۈزۈمىنى ۋە سوتنى ئىككى دەرىجىلىك سوت بىلەن ئاياقلاشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. خەلق سوت مەھكىمىلىرى بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان دېلولارنى سوتچىلاردىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ ياكى سوتچى ۋە خەلق زاسىداتىللىرىدىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇپ سوت قىلىدۇ؛ ئاددىي ھەق تەلەپ دېلولىرىنى، يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ۋە قانۇندا ئايرىم بەلگىلەنگەن دېلولارنى بىر سوتچى ئۆز ئالدىغا سوت قىلسا بولىدۇ. نارازىلىق ئەرزى بېرىلگەن ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولار سوتچىلاردىن كېڭەشمە سوت ئۇيۇشتۇرۇلۇپ سوت قىلىنىدۇ، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ياكى كوللېگىيە باشلىقى دېلولارنى سوت قىلىشقا قاتناشقاندا، ئۆزى باش سوتچى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە سوت ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سوت قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، زور ياكى چېگىش دېلولارنى ۋە سوت قىلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار باشقا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىرى ۋە سوتچىلاردىن تەركىب تاپىدۇ، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى

دەپ بۆلۈنىدۇ.

1. ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ (2) ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ (3) شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىلىرى.

ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىدۇ ھەمدە رەسمىي سوت قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ھەق تەلەپ ماجىرالىرى ۋە يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، خەلق مۇرەسسە ھەيئەتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

2. ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ۋىلايەت بويىچە تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ (2) بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ (3) ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛ (4) ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى.

ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەندىكى دېلولارنى سوت قىلىدۇ:

(1) بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان دېلولارنى قانۇن، پەرمانلاردا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن دېلولار؛

(2) بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان دېلولاردىن ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دېلولار؛

(3) ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى ۋە كېسىمى ئۈستىدىن نارازىلىق ئەرزى بېرىلگەن دېلولار ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولار؛

(4) خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە ئېتىراز بىلدۈرگەن دېلولار.

ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزى قوبۇل قىلغان جىنايى ئىشلار دېلولىرى ۋە ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلولىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا تېگىشلىك زور دېلو دەپ ھېسابلىغانلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوت قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ.

3. يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛

(2) ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى؛

(3) بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى.

يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەندىكى دېلولارنى سوت قىلىدۇ:

(1) بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان دېلولاردىن قانۇن، پەرمانلاردا يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن دېلولار؛

(2) بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان دېلولاردىن ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىشقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دېلولار؛

(3) ئاساسىي قاتلام سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى

ۋە كېسىمى ئۈستىدىن نارازىلىق ئەرزى بېرىلگەن دېلولار ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولار؛

(4) خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان ئېتىراز بىلدۈرگەن دېلولار.

4. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي سوت قىلىش ئورگىنىدۇر. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ۋە مەخسۇس سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ، سوت قىلىش جەريانىدا قانۇن، پەرمانلارنى قانداق قىلىپ كونكرېت قوللىنىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى تۆۋەندىكى دېلولارنى سوت قىلىدۇ:

(1) بىرىنچى سوتتا قارىلىدىغان دېلولاردىن قانۇن، پەرمانلاردا ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ سوت قىلىشىغا تېگىشلىك دەپ قارىغان دېلولار؛

(2) يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ، مەخسۇس سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھۆكۈمى ۋە كېسىمى ئۈستىدىن نارازىلىق ئەرزى بېرىلگەن دېلولار ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن دېلولار؛

(3) ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى سوت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش تەرتىپى بويىچە ئېتىراز بىلدۈرگەن دېلولار.

6. خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلى ۋە خىزمەت ھوقۇقى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى دۆلەتنىڭ قانۇنىي نازارەتچىلىك ئورگانلىرىدۇر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە ھەربىي تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق مەخسۇس تەپتىش مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىنىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنىدۇ. خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسى تەھقىقلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتىنى جازالايدىغان ئۇنىۋېرسال فۇنكسىيىلىك خىزمەت تارمىقىدۇر. خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايىتىنى تەھقىقلەش مەسئۇلىيىتى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر.

ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە باش تەپتىش، مۇئاۋىن باش تەپتىشلەر ۋە تەپتىشلەر قويۇلىدۇ. باش تەپتىش تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىدە تەپتىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ. تەپتىش ھەيئىتى دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ. باش تەپتىشنىڭ رىياسەتچىلىكىدە زور دېلولار ۋە باشقا چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ قارار چىقىرىدۇ. باش تەپتىش چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ سانلىقنىڭ قارارىغا قوشۇلمىسا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشىغا يوللىسا بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھـ

كىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكىلەرگە بۆلۈنىدۇ: ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى؛ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ شۆبىلىرى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئۆلكىگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى؛ ناھىيىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى.

ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ:

(1) ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش دېلولىرى، دۆلەتنى پارچىلاش دېلولىرى شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن، پەرمان ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىنىڭ بىر تۇتاش ئىجرا قىلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان زور جىنايەت دېلولىرى ئۈستىدە تەپتىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش.

(2) بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تەھقىقلەش.

(3) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەھقىقلىگەن دېلولارنى تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش ـ ئالماسلىق، ئەيىبلەش ـ ئەيىبلىمەسلىك ياكى ئەيىبلەشنى كەچۈرۈم قىلىش ـ قىلماسلىق توغرىسىدا قارار چىقىرىش؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تەھقىقلەش ئىشلىرىنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش.

(4) جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى ئەيىبلەش، ئەيىبلەشنى قوللاش؛ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت ئىشلىرىنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش.

(5) جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈم ۋە كېسىملەرنىڭ ئىجراسىنىڭ شۇنىڭدەك تۈرمە، قاماقخانا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورگانلىرى پائالىيەتلىرىنىڭ قانۇنلۇق بولغان ـ بولمىغانلىقى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش.

### 7. سىياسىي كېڭەشنىڭ تەشكىلى ۋە فۇنكسىيىسى

جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىرلىكسەپ تەشكىلاتىدۇر، ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى، ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ۋەكىللىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋەكىللىرى شۇنىڭدەك ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئەربابلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىغا قاتناشقان ئورۇنلار، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ سانى ۋە نامزاتىنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتى كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتىدە قاتناشقۇچى ئورۇندا ئۆزگىرىش بولسا، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ۋە نامزاتلارنى بەلگىلەشنى شۇ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت كېڭىشىپ بېكىتىدۇ. جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ.

جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى جۇڭگونىڭ سىـ

ياسىي تۇرمۇشىدىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر تەشكىلىي شەكلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار «ئۇزاق مۇددەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇش» فاڭجېنى بويىچە، دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت مۇھىم مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كېڭىشىدۇ ھەمدە تەكلىپ بېرىش ۋە تەنقىد قىلىش ئارقىلىق دېموكراتىك نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ

1949 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈپ، ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن رولىنى ئۆتەيدىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى» نى تۈزۈپ چىقتى، ماۋزېدۇڭ رەئىس بولغان مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتىنى سايلاپ چىقىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، مۇھىم تارىخىي رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شۇنىڭدەك تاشقى دوستلۇق پائالىيىتىدە ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرغۇسى.

8. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1) ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلەشكەن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى بولۇپ، مۇھىم ئىجتىمائىي سىياسىي تەشكىلاتتۇر. جۇڭگو ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كەسىپ بىلەن يەرلىكنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ سىستېمىلىق رەھبەرلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ۋە سانائەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ مەملىكەتلىك تەشكىلاتىنىڭ نامى «جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلاردا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەسىس قىلىنىدۇ، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، ئورگانلاردا ئەزالار سانى 25 تىن ئاشسا ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى تەسىس قىلىنىشقا بولىدۇ. ئوخشاش ساھەلەر ياكى خاراكتېرى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قانچە ساھەدە ئېھتىياجغا قاراپ مەملىكەتلىك ياكى يەرلىك سانائەت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىنىشقا بولىدۇ.

2) كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، ياشلارنىڭ ئەمەلىيەت جەريانىدا كوممۇنىزمنى ئۆگىنىش مەكتىپى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس قوشۇنى. جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدۇ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ھەرىكەت قىبلىنامىسى قىلىدۇ. ئىتتىپاق ئەزالىرىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ياشلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى دېموكراتىك باشقۇرۇشقا ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشقا قاتنىشىدۇ، ھۆكۈمەت ھاۋالە قىلغان ياشلار خىزمىتىگە دائىر ئىشلارنى بېجىرىدۇ، ياشلار بىرلەشمىسى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى، پېشىۋالار ئەترىتى قاتارلىق ياشلار تەشكىلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ياردەملىشىپ خىزمەتنى قانات يايدۇرىدۇ. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ياشلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتىكى كۆۋرۈكلۈك ۋە تۈگۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئىتىنى قوغداش شەرتى بىلەن، ياشلارنىڭ كونكرېت مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان مۇستەقىل پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرىدۇ، ياشلارنىڭ خىزمىتىگە، ئۆگىنىشىگە ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، پارتىيىگە ۋە ھۆكۈمەتكە ياشلارنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، ياشلار ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىپ، ياشلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ

### 3) ئاياللار بىرلەشمىسى

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى (قىسقارتىپ ئاياللار بىرلەشمىسى دېيىلىدۇ) پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەتتىن بولغان ھەر ساھە ئاياللىرىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئاممىۋى تەشكىلاتتۇر. ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىسى ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش، ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنى ئىسلاھات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا قاتنىشىشقا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە تەشكىللەيدۇ، ئاياللارنى ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىختىساسلىق بولۇپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاياللارغا ۋاكالىتەن دېموكراتىك باشقۇرۇشقا ۋە دېموكراتىك نازارەت قىلىشقا قاتنىشىدۇ، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ئالاقىدار تارماقلارنى ئاياللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا، شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

### 9. دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار

دۆلىتىمىزدە ھازىر سەككىز پارتىيە - گۇرۇھ بار. ئۇلار: جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى، جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى، جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى، جۇڭگو دېھقانلار - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى، جۇڭگو ئادالەتپەر-

ۋەرلەر پارتىيىسى، 3 ـ سىنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى.

1) جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى سابىق گومىنداڭ دېموكراتلىرى ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتلار سۈن جۇڭشەننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، جاھانگىرلىككە ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىنقىلابىي كۆرەش جەريانىدا بىرىكىپ بارلىققا كەلگەن پارتىيىدۇر. جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى 1948 ـ يىل 1 ـ ئايدا سۇڭ چىڭلىڭ، لى جىشېن، خې شياڭنىڭ، فېڭ يۈشياڭلار ۋەكىللىكىدە شياڭگاڭدا رەسمىي قۇرۇلغان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورتاق پروگراممىسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ نىزامنامىسىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىنى ئۆزىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى قىلغانلىقىنى جاكارلاپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان سىياسىي پارتىيىگە ئايلاندى.

2) جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى. ئوتتۇرا، يۇقىرى قاتلامدىكى زىيالىيلار ئاساس قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقى بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان پارتىيىدۇر. جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسى «جۇڭگو دېموكراتىك سىياسىي تەشكىلات ئىتتىپاقى» بولۇپ، 1941 ـ يىل 3 ـ ئايدا چۇڭچىڭدا رەسمىي قۇرۇلغان. جاڭ لەن، شېن جۈنرۇ، خۇاڭ يەنپېي، جاڭ بوجۈنلەر ئۇنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرى ئىدى. جۇڭگو دېموكراتىيە ئىتتىپاقى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى تۈزگەن «ئورتاق پروگرامما» نى ئۆزىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىپ، دېموكراتىك سىياسىي ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى.

3) جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى دەسلەپتە ۋەتەنپەرۋەر مىللىي سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقىسى بولغان زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان پارتىيە بولۇپ، ھازىر تەرەققىي قىلىپ ئىقتىسادىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن تەركىب تېپىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيىگە ئايلاندى. دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى 1945 ـ يىل 12 ـ ئايدا چۇڭچىڭدا رەسمىي قۇرۇلغان. ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن خۇاڭ يەنپېي، خۇجۆۋېن، جاڭ نەيچى، شى فۇلياڭ قاتارلىقلار بار. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مىللىي بۇرژۇئازىيە باشقۇرغان كارخانىلار تۆت چوڭ ئائىلىنىڭ بيۇروكرات مونوپول كاپىتالى تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى ۋە قوشۇۋېلىندى. مىللىي سودا ـ سانائەتچىلەر ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرۇپ، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش خىتاپنامىسىنى ۋە سىياسىي پروگراممىسىنى ماقۇللاپ، «سىياسەت مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىشى، ئىقتىسادنى ئاساس قىلىشى كېرەك» دەپ تەشەببۇس قىلدى، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسىپلەرنىڭ بيۇروكراتلىشىشى ۋە خۇسۇسىي كارخانىلارنى يال-

غۇز ئىگىلىۋېلىش» قا قارشى تۇردى. جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى گومىنداڭنىڭ ھاكىممۇتلەقلىك دىكتاتورىسىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش جەمئىيىتى خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئورتاق پروگراممىسىنى ئۆزىنىڭ پروگراممىسى قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا نۇقتىلىق كۈچ چىقىرىپ، ئەزالىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىقتىسادىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدەك ئالاھىدىلىك ۋە ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى

4) جۇڭگو دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى (قىسقارتىپ دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ) مائارىپ، مەدەنىيەت، نەشرىيات، ئىلىم -پەن ۋە باشقا ساھەلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان زىيالىيلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان پارتىيىدۇر. 1945 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ماشۇلۇن، ۋاڭ شاۋئاۋ، جۇ جيەنرېن، شۇ گۇاڭپىڭ، لىن خەندا قاتارلىقلار شاڭخەيدە بۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن قويۇق ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئەينى ۋاقىتتا ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغان بولۇپ، جۇڭگو ئىككى خىل ئىستىقبال، ئىككى خىل تەقدىرنى تاللاشقا دۇچ كەلدى. دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىدە ۋە قۇرۇلۇش خىتابنامىسىدە دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىگە قارىتا تۇتقان مەيدانى ۋە قارىشى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىنىپ، ھاكىممۇتلەقلىق ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇردى، تىنچلىقنى، دېموكراتىيىنى ياقلىدى، جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىنى قۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىنى ئۆزىنىڭ پروگراممىسى قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

5) جۇڭگو دېھقانلار - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى (قىسقارتىپ دېھقانلار - ئىشچىلار پارتىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ) ئاساسلىقى دورىگەرلىك، سەھىيە ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى ئوتتۇرا، يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان پارتىيىدۇر. دېھقانلار - ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئاساسى جۇڭخۇا ئىنقىلابىي پارتىيىسى، جۇڭگو گومىنداڭ ۋاقىتلىق ھەرىكەت كومىتېتى، جۇڭخۇا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قاتارلىقلار بولۇپ، تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيە. دېڭ يەندا ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى رەھبىرىدۇر. 1947 - يىل 2 - ئايدا جۇڭخۇا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى كومىتېتى شاڭخەيدە جۇڭگو دېھقانلار - ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيىنىڭ نامى ۋە پارتىيىنىڭ پروگراممىسىغا ئالاقىدار قارار ماقۇللانغان. دېھقانلار - ئىشچىلار پارتىيىسى خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىغا قاتناشقان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلار - ئىشچىلار پارتىيىسى خەلق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىنى ئۆزىنىڭ پروگراممىسى قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلى-

رىغا پائال قاتنىشىپ ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھا-
كىمە قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مۇ-
ھىم تەكلىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى-
دىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

6) جوڭگو ئادالەتپەرۋەرلەر پارتىيىسى ۋەتەنگە
قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە - تاۋابى-
ئاتلىرى ۋە چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بولغان ۋەكىللىك
خاراكتېرىگە ئىگە ئەربابلار، مۇتەخەسسىسلەر،
ئالىملاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سوتسىيالىزم
ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان سىياسىي
پارتىيىدۇر. ئادالەتپەرۋەرلەر پارتىيىسىنىڭ ئاساسى
ئامېرىكا خۇڭمېن ئادالەتپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىسى بولۇپ،
تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن،
قىسمەن خۇڭمېن ئەربابلىرى چەت ئەلدە سەرسان بولۇپ
يۈرۈپ، جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر جوڭگو مۇھاجىرلىرى
بىلەن بىرلىكتە خۇڭمېن ئادالەتپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىسى-
نى قۇرغان. 1923 - يىل 10 - ئايدا سىتۇمېيتاڭ قا-
تارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئامېرىكا خۇڭمېن ئادا-
لەتپەرۋەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ «3 - قېتىملىق خۇڭمېن
قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى» سان - فران-
سىسكودا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا جوڭگو ئادالەتپەرۋەرلەر
پارتىيىسىنى تەشكىللەش قارار قىلىندى. ئادالەتپەر-
ۋەرلەر پارتىيىسى گومىنداڭنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق
ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، جوڭگو مۇھاجىرلى-
رىنى جوڭگودىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنى ئەمەلىي ھە-
رىكىتى بىلەن قوللاشقا چاقىرىق قىلىپ، ۋەتەننىڭ
ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى ۋە دۇنيا فا-
شىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئۆ-
زىنى قۇربان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا تۆھپە قوشتى. ئادا-
لەتپەرۋەرلەر پارتىيىسى يېڭى جوڭگو قۇرۇش ئۈچۈن
كۆرەش قىلدى، جوڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشىگە
قاتناشتى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئادالەتپەرۋەرلەر
پارتىيىسى خەلق سىياسىي كېڭەشىنىڭ ئورتاق پروگ-
راممىسىنى ئۆزىنىڭ پروگراممىسى قىلىپ، دۆلەتنىڭ
چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى كېڭەشىشكە پائال قاتنىشىپ،
ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار، مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابى-
ئاتلىرى ۋە چەت ئەلدىكى جوڭگو مۇھاجىرلىرى بىلەن
ئالاقە باغلاپ، چەت ئەل مەبلىغىنى، ئىلغار تېخنىكا،
ئۈسكۈنىلەرنى، ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى
كىرگۈزۈش ۋە تاشقى سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق
خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

7) 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى پەن -
تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، دورىگەرلىك، سە-
ھىيە ساھەسىدىكى يۇقىرى، ئوتتۇرا قاتلام زىيالىيلە-
رىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا
ئۆزىنى بېغىشلىغان پارتىيىدۇر. 3 - سېنتەبىر ئىلمىي
جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى 1944 - يىل قۇرۇلغان دېموكرا-
تىيە ئىلمىي سۆھبەت يىغىنى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا
ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىلغار زاتلاردىن
لياڭ شى، پەن شۇ، خۇاڭ گوجاڭ قاتارلىقلار دائىم
شۇدېخېڭ ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ۋەزىيەت توغرۇلۇق
سۆھبەتلىشەتتى ۋە ئۇنى «دېموكراتىيە ئىلمىي سۆھبەت
يىغىنى» دەپ ئاتىغانىدى، ئۇ «4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ
دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ،
«4 - ماي» ھەرىكىتىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودا-
لىزمغا قارشى تۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، «-
ئىتتىپاقلىشىش، دېموكراتىك بولۇش، ياپونغا قارشى
ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش» نى تەشەببۇس قى-
لىشتا چىڭ تۇرغان. 1945 - يىل 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى
ياپونىيە تەسلىم بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە

قىلدى. سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئەزالىرى چۆچەكتە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ بۇنى تەبرىكلىدى، ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن سۆھبەت يىغىنىنىڭ نامى «3 - سېنتەبىر سۆھبەت يىغىنى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى چۆچەكتە رەسمىي قۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش خىتابنامىسىنى، ئاساسىي تەشەببۇسى ۋە ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ئېلان قىلىپ، 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇش ئارزۇسى ۋە دۆلەت قۇرۇش جەريانى، شۇنىڭدەك سىياسەت، ئىقتىساد، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت توغرىسىدىكى قارىشىنى شەرھلىدى. 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە تەسىرىدە بىر تۈركۈم ئىلغار ۋە ئوتتۇرىدىكى پروفېسسورلار ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ھاكىممۇتلەقلىككە، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش پائالىيىتىنى پائال ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىگە ئاكتىپ قاتناشتى، ئورتاق پروگراممىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ئاساسىي قانۇننى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە، دۆلىتىمىزنىڭ 12 يىللىق پەن - تېخنىكا تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە قاتناشتى، 3 - سېنتەبىر ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

8) تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى تەيۋەنلىك ئەربابلاردىن تەركىب تاپقان سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەر ۋە سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ سىياسىي ئىتتىپاقى بولۇپ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە. 1947 - يىل 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تەيۋەندىكى قوراللىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەيۋەن خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىنقىلابىي ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن شيې شۆخۇڭ قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ۋە تۈرتكىسىدە تەيۋەن خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىتتىپاق خاراكتېرىدىكى سىياسىي ئىتتىپاق قۇرۇشنى قارار قىلدى. 1947 - يىلى 11 - ئايدا تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلۇپ، تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە سىياسىي پروگراممىسىنى بېكىتتى. تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامېرىكىغا، جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، يەرلىك تەشكىلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە قۇرۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئورتاق پروگراممىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەيۋەن دېموكراتىك ئاپتونومىيە ئىتتىپاقى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەيۋەن ئارىلىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى سىياسىي كۈچلەر بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا تۆھپە قوشتى.

# تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا باغلىق

غېنى مەينەم

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشىنى مەقسەت قىلغان ئىسلاھات بولۇپ، ئۇ ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىش ئارقىلىق مىليونلىغان ئاممىغا تايىنىپ، قەدەم ـ باسقۇچلۇق، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسىي تۈزۈلمىدىكى يېڭىلىقتۇر.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى—سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى دېموكراتىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتۇر. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى، خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش، دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش يولىنى تۇتۇپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى پارتىيىنىڭ 13 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتاي دوكلاتىدا: «دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى بىزدىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېيىلدى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، پارتىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، كادىرلىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنىپ، مەملىكەت مىقياسىدا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش»، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزدە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ شارائىتى ھازىرلاندى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىيىتى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا.

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىقتىساد سىياسىينىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسى، سىياسىي بولسا ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، سىياسىي مۇكەممەل بول-

28

سا، ئىقتىساد قانۇنىيەتلىك راۋاجلىنىدۇ، مۇكەممەل بولمىسا ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «ئەگەر بىر سىنىپ مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن توغرا ھەل قىلالمىسا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ ھەتتا ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئورۇنلىيالمايدۇ». بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشقانسېرى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشى تەخىرسىز بولۇپ قالدى.

دېمەك، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشمىسا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قولغا كەلگەن نەتىجىلەرمۇ يوققا چىقىدۇ. خۇددى دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ بارلىق ئىسلاھاتىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى چىقماسلىقى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا باغلىق». سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈستقۇرۇلما ساھەسىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىدۇ.

سىياسىي تۈزۈلمە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، سىياسىي كېڭەش تۈزۈمى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىمىز، بۇنىڭدىن باشقىلىرى كونكرېت سىياسىي تۈزۈلمە ھېسابلىنىدۇ. بىز دەپ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈملەر يۇقىرىقى سىياسىي تۈزۈلمە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەك مالىمانچىلىقنىڭ يەنە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا كەڭ يول ئېچىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەسلىدىكى سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ھوقۇقنىڭ زىيادە مەركەزلىشىش ئىللىتىنى تۈزىتىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىپ بېرىشنى، سىياسىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشنى، قانۇنچىلىق ئارقىلىق چىرىكلىك مەسىلىلىرىنى تۈزىتىشنى، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، ھوقۇق ـ پۇل سودىسى قاتارلىق ئىللەتلەرنى تۈگىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سىياسىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىز يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر بولغان ھالقىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي قاتلىمىدىكى تۈزۈلمىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئەڭ تېپىك مەسىلە سىياسىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدۇر. شۇڭا، ھوقۇقنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ تۇرىدىغان، چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى بىر يۈرۈش يېڭى مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى ھەقىقىي ئورنىتىشى كېرەك. پارتىيە پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ يادرولۇق ئورنىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەشنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ھۆكۈمىتىنى خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان قىلىش، سىياسىي كېڭەش ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دېموكراتىك پار-

تىيە - گۇرۇھلارنى دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىدىغان كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاپ، نازارەتچىلىك فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پارتكوم يادرولۇقىدا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي ئورگانلار، ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى رەھبىرىي خادىملارنى تاللاش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ھەرقايسى ئورۇنلار كۆرسەتكەن نامزاتلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئارتۇق نامزات كۆرسىتىپ سايلاش تۈزۈمىنى ياكى رىقابەتتە ئۇتۇپ چىققانلارنى تەيىنلەش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سايلانغۇچىلار ياكى تەيىنلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزىدە مەلۇم دەرىجىدە بېسىم ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا بولىدىغان قىلىش كېرەك.

بىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشتا چەت ئەللەرنىڭ بەزى تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلغان بولساقمۇ، سىياسىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۆز ئىقتىدارىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىزگە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە تايىنىپ ھەل قىلىشىمىز لازىم.

سىياسىي تۈزۈلمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دېموكراتىيىنى ساغلاملاشتۇرۇشتا چېكىدىن ئاشقان سىياسىي ئىمتىيازنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش، بىۋاسىتە سايلام دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ۋاسىتىلىك سايلام دائىرىسىنى تارايتىش، ۋەكىللەر سانىنى قىسقارتىپ، قۇرۇلتاينىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويغاندا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئويلاش، خەلق ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ياكى ئەتتۈرەلمەيدىغانلىقىنى، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، قانۇننى بىلىش ئىقتىدارى بار - يوقلۇقىنى ئويلاش لازىم. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «دېموكراتىيىنى تۈزۈمگە، قانۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەككى، بۇ تۈزۈم، قانۇنلار رەھبەرلىكنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، رەھبەرلىك كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان بولسۇن» دېگەنىدى. دېموكراتىيىنى تۈزۈمگە، قانۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە قانداق قىلىپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بىلەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ماسلاشتۇرۇپ، ساغلام بازار ئىگىلىكىنى بەرپا قىلىش مەسىلىسى؛ پۇقرالارنىڭ سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىشىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى ۋە يولى مەسىلىسى؛ دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمى، كادىرلارنى ئۆستۈرۈش شەكلى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى؛ پارتىيە كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى؛ سىياسىي مۇقىملىققا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللارنى قانداق تۈگىتىش مەسىلىسى؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، سىياسىي ۋمۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى مەسىلىسى؛ «ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىش، ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش» مەسىلىسى قاتارلىقلاردۇر.

قىسقىسى، بىز پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا، دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، مۇناسىپ ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقساقلا، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى نەتىجە يارىتالايمىز.

(ئاپتور تۇرپان ۋىلايەتلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت
تېلېفون: 4828065—61203

# دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدىن ئايرىلمايدۇ

چاڭ زېلىن

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش—پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىدىكى ئاساسىي ئىستراتېگىيىسى.» دەپ كۆرسەتتى. بۇ مۇھىم ھۆكۈمنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈش ۋە چوڭقۇر چۈشىنىش پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇش، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ھەم يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىنىڭ ئاساسىي يەكۈنى ۋە خەلقنىڭ توغرا تاللىشى، ھەم ئېلىمىز ئاساسىي قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىدۇر. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشتا پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلماسلىق ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈپ پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ.

*بىرىنچى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سىستېمىسى بەرپا قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلمايدۇ.* دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا مۇكەممەل ۋە سىستېمىلىق قانۇن بولۇشى كېرەك. قانۇن چىقىرىش ئەمەلىيىتى پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئايرىلمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى بولسىمۇ، لېكىن «قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى قانۇن كەشپ قىلىش ئەمەس، ئۇ پەقەت قانۇننى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە بايان قىلىدۇ» *. قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى پەقەت ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسلانغاندىلا، ئاندىن قانۇن چىقىرىشنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى، قانۇن چىقىرىشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئىگىلىيەلەيدۇ، قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇۋاپىق پەيتىنى تاللىيالايدۇ، قانۇننىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشىگە، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى، پارتىيىنىڭ توغرا سىياسەتلىرى قانۇن چىقىرىش تەرتىپى ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇلۇپ دۆلەت ئىرادىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان بولغاچقا، مۇقەررەر يۈسۈندا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتدار گۇرۇھلار كۆپ مەنبەلىشىدۇ، ئىجتىمائىي سىياسىي تەلەپ كۆپ خىللىشىدۇ. شۇڭا، قانۇننىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى ھەرقايسى

مەنپەئەتدار سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. قانۇن چىقىرىش جەريانىدا، ھەممە جايلار ۋە تارماقلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ كاشىلىسىغا دۇچ كېلىمىز، ئۇلار باشقۇرۇش تەۋەلىكى ھوقۇقى، تەستىقلاش ھوقۇقى، جەرىمانە ئېلىش ھوقۇقى ۋە ھەق ئېلىش ھوقۇقى تالىشىدۇ. «ھوقۇقتا تايىنىپ تاپاۋەت قىلىش» بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دېمەك، بۇ قانۇننىڭ ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنى، قانۇننىڭ ئىلمىي، توغرا، تولۇق يۈرۈشلەشكەن بولۇشىنى، بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ماس قەدەمدە ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، ئومۇمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلغاندا، بۇلارنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن.

ئىككىنچى، *قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشتا پارتىيە رەھبەرلىكى بولمىسا بولمايدۇ.* قانۇننىڭ بىردەكلىكى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئىنتايىن جىددىي مەسىلە. قانۇنغا ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پارتىيە ۋە دۆلەت بىر قاتار كونكرېت بەلگىلىمە ۋە تەدبىرلەرنى تۈزدى. قانۇنغا ئاساسلىنىش جەھەتتە «پارتىيە چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، پارتىيە ئەزالىرى دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىغا باشلامچىلىق بىلەن رىئايە قىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. يەنە «بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، قوراللىق كۈچلەر، ھەرقايسى پارتىيە - گۇرۇھلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا رىئايە قىلىشى لازىم.»، «پۇقرالار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى لازىم.» دەپ بەلگىلەندى. قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش جەھەتتە، بىرىنچىدىن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى كۈچەيتىپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش؛ ئىككىنچىدىن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش، ئۆز ئارا چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ ئۈچىنچىدىن، قانۇننىڭ ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمى ۋە ناھەق، خاتا بېجىرىلگەن دېلولارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش، مەمۇرىي دەۋا ۋە دۆلەت تۆلەم بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر پارتىيىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولمىسا، قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى بۇ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، *قانۇنغا ئومۇمىيۈزلۈك رىئايە قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.* قانۇنچىلىق تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش —— سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقتىكى بىر ئاساسلىق خىزمەت. ئېلىمىز ھازىر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، نوپۇسى كۆپ، ئاساسى ئاجىز، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلمىغان، ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» تىن ئىبارەت دۆلىتىمىزنى مۇنقەرز قىلىشقا ئورۇنىدىغان ياۋۇز نىيىتىدىن يانغىنى يوق؛ كونا جۇڭگودىن قېپقالغان فېئودال ئىمتىيازلىق ئىدىيىسى ۋە تۆرىچىلىك ناچار

ئادەتلىرى شۇنىڭدەك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پەيدا بولغان پۇلپەرەسلىك، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلماقتا. قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، قانۇننى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى تەشكىللەش، ئاممىنى قانۇننى بىلىدىغان، قانۇننى چۈشىنىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان، قانۇن قورالىنى قولىغا ئېلىپ ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان، ئۆزىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىيالايدىغان، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، قانۇنغا خىلاپ بارلىق جىنايى قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۆرەش ئېلىپ بارالايدىغان قىلىش ھازىرقى دەۋردە پارتىيىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

تۆتىنچى، *قانۇن نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشتە ئاچقۇچ پارتىيىدە.* نۆۋەتتە، ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولماسلىق ھالىتى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى. لېكىن، قانۇننىڭ ھاياتىي كۈچى ئىجرا قىلىشتا. قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى قاتتىق ۋە ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشتا، رېئال تۇرمۇشتا سۆزنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىدىغان، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى باسىدىغان، قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىغان، يۈز ـ خاتىر قىلىشنى قوغلىشىپ قانۇننى دەپسەندە قىلىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسىلەر ئېغىر دەرىجىدە ساقلانماقتا. قانۇنغا ئاساسلانماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت بولۇپ قالدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، قانۇننى ئىجرا قىلىش ئىنتايىن مۈشكۈل، مۇرەككەپ ئىش، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كېلىدىغان توسقۇنلۇق ۋە كاشىلا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر پارتىيىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشى بولمايدىغان بولسا، قانۇنلارنى ئۈنۈمىيۈزلۈك توغرا يولغا قويۇش ناھايىتى قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى تۈرلۈك كاشىلىلارنى تۈگىتىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىر ئۇلۇغۋار سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. پۈتكۈل قۇرۇلۇش داۋامىدا پارتىيە رەھبەرلىكى باشتىن ئاخىر يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاندا، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش زۆرۈر ئەمەس دەيدىغان، ياكى دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن زىت دەيدىغان ئۇي خىياللارنىڭ ھەممىسى خاتا.

---

*ئىزاھات:

(ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 31 ـ توم 316 ـ بەت)

«خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىل 8 ـ سانىدىن

ئابدۇلئەھەت ھاجى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203—4828065

# خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم يۈسۈپ

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى تارىخنىڭ تاللىشى، خەلقنىڭ تاللىشى. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئېلىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت، خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى، ئاساسىي قانۇندا بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن. لېكىن، پۈتكۈل خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. خەلق ئاممىسى خەلق قۇرۇلتىيى شەكلى ئارقىلىق مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك، ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىلغارلارنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىگە سايلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۇلارغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق يۈرگۈزىدۇ. ئېلىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇپ، ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ زىممىسىگە دۆلەتنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى بەلگىلەش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ھەم ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ساپاسىغا ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى دۆلەت ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ياكى قىلدۇرالماسلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ناۋادا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولسا، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاۋالە قىلغان مەجبۇرىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالمايدۇ. شۇنداقلا ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە بولغان ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىكىنىمۇ يولغا قويالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى كۈچەيتىلگەن، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن 20 يىلدىن بۇيان، گەرچە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، خۇشاللىنارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، نۆۋەتتە ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئېھتىياجى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، پۈتكۈل خەلق ئاممىسىنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى، تەدبىرلىرىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكى

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلققە ۋەكىل بولۇپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تولۇق، ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈش، مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىشى زۆرۈر بولغان سۈپىتى ۋە ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، شۇنداقلا خەلقنى ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرۇش بىلەنمۇ بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

*1) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتى ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىگەن.* ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا پىكىر قىلىش، تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش، خىزمەت دوكلاتلىرى، خام چوت ۋە نەق چوت لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىش ھەم ئاۋاز بېرىش، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى سايلاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، دۆلەت ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىش، يىغىن يېپىق مەزگىلدە سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلىدىكى سايلام ئورنىنىڭ پىكىرلىرىنى دوكلات قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرى، شۇنداقلا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، ئۆزى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە ياردەملىشىش، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ياردەملىشىش، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، دائىم خەلقنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇش ۋە ئىنكاس قىلىش، سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلىدىكى سايلام ئورنىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ پائالىيەتچىسى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ھوقۇقلارنى يۈرگۈزۈش ياكى يۈرگۈزەلمەسلىكى، مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ياكى قىلالماسلىقى، خەلق ھاۋالە قىلغان ۋەزىپىلەرنى قانچىلىك دەرىجىدە ئورۇنلىيالىشى، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئىپادىلىيەلىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك.

ئېلىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى كۈچەيتىلگەندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، كەسپىي ئىقتىدارى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈلۈپ، ياش قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى. لېكىن، خېلى بىر قىسىم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى، رولىغا، ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ئېھتىياجىغا، دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، قانۇن بىلىملىرى كەمچىل، بەزىلىرى ۋەكىللىك مەجبۇرىيىتى بىلەن ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمىدا نامزات كۆرسەتكەندە ۋەكىللەرنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى، خىزمەت ئىپادىسى، خىزمەت تۆھپىسىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، سېزىش، ھۆكۈم قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارى، ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئىقتىدارى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىقلارغا سەل قاراش، «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى»، «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «8 - مارت قىزىل بايراقدارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل، تەنتەربىيە چولپىنى»، «دىنىي ساھە ۋەكىللىرى»گە كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەھۋاللار خېلى ئېغىر. ئۇلارنىڭ

ئىچىدە ھەقىقەتەن خەلقنىڭ ۋەكىلى بولۇشقا مۇناسىپ ۋەكىللەر بار، ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى ۋە نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان جەمئىيەتتىكى «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا سېزەلەيدىغان ۋە ئىنكاس قىلالايدىغان، سىياسىي پائالىيەتچانلىقى، سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى كۈچلۈك، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىجتىمائىي ئالاقىغا ماھىر، ۋەكىللىك ئېڭى يۇقىرى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، قانۇن چىقىرىشقا قاتنىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كىشىلەردىن بولۇشى ناتايىن. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى نامزاتىنى كۆرسەتكەندە، سايلىغاندا ۋەكىللەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەقىقىي يۇقىرى ساپالىق نامزاتلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

*2) خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە فۇنكسىيىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بەلگىلىگەن.* خەلق قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى، باشقا دۆلەت ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتىيى سايلىمىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ مول پەننىي بىلىمى ۋە خىزمەت تەجرىبىسى بولۇشىنى، پىكىر يۈرگۈزۈشكە، نازارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىرقى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆپ سانلىقى كەسپىي مۇتەخەسسىسلەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنى ۋە فۇنكسىيىسىگە بولغان چۈشەنچىسى، قانۇن بىلىملىرى كەمچىل بولغاچقا، نازارەتچىلىك مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەنمەي، نازارەتچىلىك ئوبيېكتىغا بولغان قاراتمىلىقى كۈچلۈك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالماي، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە، ھەتتا بەزى خادىملار نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، چوڭ، مۇھىم مەسىلىلەر بىلەن كارى بولماي، كىچىك، ئادەتتىكى مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك رولى ۋە نوپۇزىغا نۇقسان يەتكۈزمەكتە. بۇ مۇقەررەر ھالدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

*3) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى.* ئېلىمىزدە خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشى خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قانچە مۇكەممەللەشكەنسېرى خەلقنىڭ خوجايىنلىق ئورنى شۇنچە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلە — خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسى مەسىلىسى. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يۇقىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، مەجبۇرىيەتلىرىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىمۇ ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، دۆلەت تۇرمۇشىدىكى رولى ۋە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، نوپۇزىمۇ تولۇق تىكلىنىدۇ. ناۋادا زور سىياسىي پائالىيەتلەر ۋە سىياسىي ھادىسىلەرگە نىسبەتەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسى، ۋەكىللىك ئېڭى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش

ئىقتىدارى تۆۋەن بولسا، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدۇ، مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئادا قىلالمايدۇ. نەتىجىدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىمۇ تۆۋەنلەيدۇ. بۇمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**2. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرى**

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەش مۇكەممەللەشكەن تۈزۈمنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. لېكىن مۇكەممەللەشكەن تۈزۈممۇ ئاخىرقى ھېسابتا بەلگىلىك ساپاغا ئىگە بولغان خادىملارغا تايىنىپ ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. نەچچە ئون يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلمىسى زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتى. نۆۋەتتە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نوپۇزىغا، رولىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى — قىسمەن ۋەكىللەر ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى. شۇڭا، ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق پۈتكۈل ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئايلاندى. تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساپاسىدا ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك:

*1) نۇقتىئىنەزەردە يۈرۈلۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.* بۇنىڭ ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە قارىتا قانۇن — تۈزۈم ۋە دېموكراتىك سىياسىي ھەققىدىكى تەشۋىقات — تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنى ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، سايلام قانۇنىنى ئۆگىنىشكە ئۈندەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرى، تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، سىياسىي پارتىيە تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت تەرتىپى، ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي پائالىيەت پرىنسىپى، تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇق — مەجبۇرىيىتى قاتارلىقلارغا بولغان ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، ئايدىڭلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى دۆلەتنىڭ تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ئېڭى ۋە دېموكراتىك سىياسىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، بۇرچ تۇيغۇسىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلەش، يەنە بىر تەرەپتىن ئىلگىرىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغاندا ۋەكىل نامزاتىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىش نۇقتىئىنەزەرىنى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىش نۇقتىئىنەزەرىگە ئۆزگەرتىپ، نامزات كۆرسىتىش جەريانىدىكى بىرتەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنىش كېرەك.

*2) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش كېرەك.* بىلىمنىڭ تولۇقلىنىش ۋە يېڭىلىنىش دەۋرى كۈنسېرى قىسقىراپ، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىشقا ئۈندەۋاتقان بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسى بولمىسا، ئۇلاردا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۈستىگە ئالالمايدۇ ۋە

ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرىنى سېزىش، تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ئاساسىدا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قانۇن لايىھىلىرى، خىزمەت دوكلاتلىرى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە قاراپ چىقىش، ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىرىگە سۈرۈشتۈرمە قويۇش، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە ئۈستىدىن نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئېچىپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش، خەلق قورۇلتىيىنىڭ ئورنى ۋە رولى، خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىگە دائىر مەسىلىلەر ھەققىدىكى مەتەخەسسىسلەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاشقا ئويۇشتۇرۇش، چوڭلار مائارىپى مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇش، ئەمەلىيەتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئويۇشتۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مەدەنىيەت، كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئېلىمىز خەلق قورۇلتىيى تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

*3) خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىقتىدار قۇرۇلمىسى، ياش قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك.* بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قورۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ئىقتىساد، سىياسىي، قانۇن، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ۋەكىل نامزاتىدا كۆپ سانلىق نىسبەتنى ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كەسىپ قورۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىدىغان، مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان ھەمدە نىسبەتەن كۈچلۈك تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش، تەشكىللەش ۋە تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ھەق-ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى يۇقىرى ھەم زىددىيەت، مەسىلىلەرنى ئېچىپ تاشلاشقا، خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان، ئوچۇق سۆزلۈك، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرىدىغان، يۈرەكلىك ھالدا قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈپ، نازارەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەرنى نامزاتلىققا كۆرسىتىپ، ۋەكىل قىلىپ سايلاش؛ خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى قوشۇنىدىن قەتئىي تازىلاپ چىقىرىش ئارقىلىق خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئىقتىدار قورۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە ھەم ئەخلاقلىق ھەم ئىختىساسلىق، ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولغان ياشلارنى تاللاپ نامزاتلىققا كۆرسىتىپ، ۋەكىل قىلىپ سايلاپ، خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ياش قورۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئاساسىدا خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى نازارەت قىلىنغۇچىلاردىن يۇقىرى بولغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

*4) سايلام تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رىقابەت مېخانىزمىنى سايلام تۈزۈمىدە قوللىنىش كېرەك.* ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە سايلام قانۇنىدا سايلام ھوقۇقىنىڭ ئومۇمىيلىقى، باراۋەرلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن. سايلامدا رىقابەت مېخانىزمىنى قوللىنىش دەل بۇ پرىنسىپلارنىڭ

ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، شۇنداقلا بازار ئىگىلىكى رىقابىتىنىڭ سىياسىي ساھەگە تەتبىقلىنىشى ۋە كېڭەيتىلىشىدۇر. رىقابەتنىڭ ئىقتىسادىي ساھەلەردە قوللىنىلىشى ئېلىمىز ئىقتىسادىدا گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتنى پەيدا قىلدى. رىقابەتنىڭ سىياسىي ساھەدە قوللىنىلىشىمۇ كىشىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ، شۇڭا «ۋەكىللەرنىڭ مۇھاكىمە ئىقتىدارى بىرىنچى»، «ئامما بىرىنچى» دېگەن كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئاساسىدا سايلام تۈزۈمىدە رىقابەت مېخانىزمىنى قوللىنىپ، ئىقتىدارلىقلىرى تاللىنىدىغان، ئىقتىدارسىزلىرى شاللىنىدىغان سايلام رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدىغان يۇقىرى ساپاغا ئىگە كىشىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ۋەكىل بولۇش ساپاسىغا ئىگە بولمىغان ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

*5) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىل نامزاتى سايلىغۇچىلار ئالدىدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش، ئىپادە بىلدۈرۈش ياكى ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك.* سايلام قانۇنىدا يۇقىرىلار رەسمىي نامزات قىلىپ كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، نامزات كۆرسەتكۈچىلەر سايلام كومىتېتى ياكى يىغىن ھەيئەت رىياسىتىگە نامزات بولغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، ئاندىن سايلام ئېلىپ بېرىش بەلگىلەنگەن. لېكىن نامزات بولغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تونۇشتۇرۇشىغا قارىتا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. نۆۋەتتە سايلىغۇچىلارنىڭ نامزاتلارغا بولغان چۈشەنچىسى يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاۋاز بېرىش قىزغىنلىقى تۆۋەن بولۇش، نامزاتلارمۇ ئۆزىنىڭ تەشەببۇسى، تەسەۋۋۇرلىرىنى سايلىغۇچىلارغا تولۇق ئىپادىلىمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت. جۇڭگو ۋە چەت ئەل سايلام تۈزۈمىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى نامزات بولغۇچى سايلامدىن بۇرۇن سايلىغۇچىلار يىغىنى ياكى سايلىغۇچىلار ۋەكىللىرى يىغىنىدا مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق سايلام رىقابىتى نۇتۇقى سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ تەشەببۇسلىرى، ئارتۇقچىلىقى، خىزمەت ئىپادىسى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولغاندىن كېيىنكى تەسەۋۋۇرلىرى، ئۆز بۇرچىنى قانداق ئادا قىلىدىغانلىقى، سايلىغۇچىلارنىڭ نازارىتىنى قانداق قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى دوكلات قىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ تاللىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش، سايلىغۇچىلار نامزاتنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ لاياقەتلىك ياكى لاياقەتسىزلىكىنى ئايرىشنىڭ ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى قىلىش، نامزاتمۇ رەسمىي خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئادا قىلغانلىقىنى قەرەللىك ھالدا سايلىغۇچىلارغا دوكلات قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلەپ - پىكىرلىرىنى ئاڭلاش ۋە نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، ئىپادىسى ياخشى بولمىغان، ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان ۋەكىللەرنى قانۇن بويىچە ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق نامزاتلارنى تاللاپ تولۇقلاپ سايلاپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىسىمۇ قەرەللى توشقىچە ۋەزىپە ئۆتەۋېرىدىغان غەيرىي نورمال ھادىسىلەرگە قەتئىي خاتىمە بېرىش كېرەك.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 61203—4828065

# خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى باشقۇرماسلىقى كېرەك

**شۇ شيەنچيۇ**

مەلۇم بىر ناھىيىدە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ھەر بىرى ھۆكۈمەتنىڭ بىردىن ئىككىگىچە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان، بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ كونكرېت خىزمەتلىرىنى باشقۇرماسلىقى كېرەك.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشىنى كۈچەيتىشىگە پايدىسىز، دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تۆۋەندىكى خىزمەت ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزىدۇ: . . . (6) شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئورگانلار ۋە دۆلەت خادىملىرى ئۈستىدىن بەرگەن ئەرز ۋە پىكىرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ . . . (8) شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق قارارلىرىنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.» خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت خىزمىتىگە مەسئۇل بولسا، بۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ شۇ خىزمىتىدە بىرەر مەسىلە كۆرۈلۈپ قالسا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەت قىلىشىغىمۇ پايدىسىز.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت خىزمىتىگە مەسئۇل بولسا، بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنىدۇر، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئۇ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئورگىنى—خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ئەگەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر خىزمىتىگە مەسئۇل بولسا، ھۆكۈمەتتىكى مەلۇم بىر تارماقنىڭ ھوقۇقىنى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا يۈرگۈزگەن بولىدۇ ـ دە، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بۇ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ئىنتايىن پايدىسىز.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە بولغان رەھبەرلىكمۇ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەلۇم ئالدىراش كونكرېت خىزمىتىنى تۇتسا، ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تۇتۇشقا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەشكە، يەرلىكنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا قانداقمۇ ۋاقىت چىقىرالىسۇن؟

«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 4 ـ مايدىكى سانىدىن

ئابدۇۋەلى مامۇت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 4828065—61203

# قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش شەكىلگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك

باتۇرجان ئاتىخان

ھەممىمىزگە مەلۇم، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە «قانۇن چىقىرىش ئالدىنقى شەرت، قانۇن ئىجرا قىلىش ئاچقۇچ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساس، نازارەت قىلىش كاپالەت» دەيدىغان ئاساسىي فاڭجېن بار. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىقى ئاساسىي فاڭجېننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.

شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش تەلىپى بويىچە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئاساس يارىتىشى، ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ تەرتىپلىرى، تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە مەدەت بېرىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىزىغا سېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداپ، جەمئىيەتنى ئۇزاق مۇددەت ئەمىن تاپقۇزۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. بۇ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مۇقىم ۋە تىنچ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېن بېكىتىلدى. گەرچە 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، قانۇن چىقىرىش سالمىقى مۇناسىپ دەرىجىدە زورىيىپ، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بىر قەدەر قېلىپلىشىپ، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى پەيدىنپەي ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا زور پەرق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە قانۇن بويىچە ئىش قىلمايدىغان ئەھۋاللار بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا ھېلىھەم ئېغىر. بەزى قانۇن، نىزاملار ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلمايۋاتىدۇ. بەزى جايلار خىزمەت داۋامىدا قانۇن بويىچە ئىش قىلماي، دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان ھەق، جەرىمانە ۋە سېلىقنى كۆپەيتىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە نۇقسان يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خېلى بىر قىسىم پۇقرالارنىڭ ۋە تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى تەتبىقلاش، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش كۆز قارىشى ئاجىز. بولۇپمۇ بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھوقۇقنى قانۇندىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، سۆزنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىدىغان،

تەشكىلىي ـ ئىنتىزامنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان «ئۆزى بەگ، ئۆزى خان» لىق، نەپسانىيەتچىلىك خاھىشى بىرقەدەر ئېغىر. بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، قانۇننى ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتماسلىق، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يېتەرلىك بولماسلىق، قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلغانلارنى قاتتىق جازالىماسلىق، قانۇن ئىجراسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئىشلەنمىگەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

شۇڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا نازارەتچىلىك كاپالەت. ھەرقانداق ياخشى قانۇنمۇ ئۈنۈملۈك نازارەتتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇھالدا ئۇ پەقەت قەغەز يۈزىدىكى قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس. شۇڭا قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتە قانۇن چىقىرىش بىلەن نازارەتچىلىك قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى چوقۇم ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم. بۇ ھەقتە باش شۇجى جياڭ زېمىن 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 ـ يىغىنىغا قاتناشقان پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ: «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى دۆلەت ۋە خەلققە ۋاكالىتەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قانۇنىي كۈچكە ئىگە نازارەتچىلىك. نازارەتچىلىك قىلىشتىكى مەقسەت ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىدىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى، مەمۇرىي، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى باش شۇجى جياڭ زېمىنىنىڭ يوليورۇقى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن، قانۇن نازارەتچىلىكىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ياخشىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

نۆۋەتتىكى بىر قىسىم ئەھۋاللارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشتا خېلى ئېغىر مەسىلىلەر ساقلانماقتا. نازارەتچىلىكنىڭ بەزىلىرى شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى. بەزىلىرىنىڭ داغدۇغىسى چوڭ، نەتىجىسى ئاز. بەزىلىرىدە مۇھىملىرىدىن قېچىپ، ئادەتتىكىلىرىگە ئېسىلىۋېلىندى، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلەردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىلدى. موشۇ سەۋەبلىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى ئوبيېكتىپ ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ «تورمۇزلىشىغا» ئۇچرىدى، بۇنىڭ بىلەن قانۇننىڭ نوپۇزى ھەقىقىي يوسۇندا روياپقا چىقالمىدى. شۇڭا، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا ئائىت چوڭ ـ چوڭ سىياسەتلەرنىڭ ئىجراسىنى، پىلان، خام چوتنىڭ ئىجراسىنى، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ۋە تەرەققىياتقا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان «قىيىن نۇقتا» مەسىلىلىرىنى، دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە

يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشىنى ھەقىقىي تۈردە ئويدان تۇتۇش لازىم. مۇشۇنداق «قىيىن نۇقتا» «قىزىق نۇقتا» ۋە «مۇھىم نۇقتا» مەسىلىلىرى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈلگەندىلا، ئاندىن ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتقىلى، نازارەتچىلىكتە ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش سالمىقىنى زورايتىش ۋە ئۈنۈمىدىن ئۈنۈم ھاسىل قىلىش يەرلىك ھەردەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تەخىرسىز مەسىلە. شۇڭا، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە، مەۋقەنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىگە قويۇپ، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشتە ئۇسۇلنى ياخشىلاپ، يۈزەكى داغدۇغا پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. قائىدەتچانلىقتىن خالىي بولۇپ، پىكىر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، دوكلات ئاڭلاش، ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئىچىگە ۋە ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ساداسىنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ، بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ۋە قانۇن نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشى جەمئىيەتتىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەپ ئەنگە ئېلىش لازىم. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، سۆزىنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىش، ھوقۇق ئارقىلىق قانۇننى بېسىش ھادىسىلىرىنى نازارەتچىلىك كۈچى ئارقىلىق تۈزىتىپ ۋە قەتئىي توسۇپ، قانۇن، نىزاملارنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز فۇنكسىيەسىنى ياخشىلاپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىشتا دوكلات ئاڭلاش، مەخسۇس كۆزدىن كەچۈرۈش، ئەدلىيە خىزمىتىنى باھالاش قاتارلىق نازارەتچىلىك شەكىللىرىنى قوللىنىپ، ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكىلەرنىڭ قانۇن بويىچە ئىش قىلىشىغا، پاك - دىيانەتلىك بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ناھەق، خاتا بېجىرىلگەن دېلولارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ، پارىخورلۇق قىلىش، چىرىكلىشىش ئەھۋاللىرىغا قارىتا نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئېغىر دەرىجىدە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان دۆلەت خادىملىرىدىن، ئومۇمەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى سايلىغان ۋە تەيىنلىگەنلەردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنى سوت ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۈگەتكىلى، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھىم نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى قاتلاممۇ قاتلام كېڭەيتكىلى ھەمدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى ھەقىقىي تىكلىگىلى بولىدۇ.

(ئاپتور تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى داتۇڭ يېزىلىق پارتكومدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر مامۇت
تېلېفون: 4828065—61203

# 7 يىلغا سوزۇلغان پۇقرانىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئەرز قىلىش دېلوسى

جاڭ مىڭشيا ، سەي يۈجى

شىنجاڭدا ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان، ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن «7 يىلغا سوزۇلغان قان ياشلىق دەۋا» دەپ ئاتالغان ۋە شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم تەرگەۋ قىلىنغان پۇقرانىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئەرز قىلىش دېلوسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە، يېقىندا ئەلتۈكۈس بىر ياقلىق قىلىندى، جەمئىيەتنى بىرمەھەل لەرزىگە سالغان بۇ دېلوغا ئاخىرى خاتىمە بېرىلدى.

## جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، جاپادىن ھالاۋەت ئىزدەش

ليۇ چىڭچەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 4 - شى 70 - تۇەنىنىڭ ئايال ئىشچىسى، بۇ يىل 57 ياشتا.

1983 - يىلى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش شامىلىنىڭ تۈرتكىسىدە، ليۇ چىڭچەن ئېرى چېن گودۇن (بىڭتۇەن ئىشچىسى) بىلەن بىرلىكتە، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جىلىليۇزى بازىرىغا تەۋە بىر كىچىك كۆمۈر قۇدۇقىنى ھۆددىگە ئالىدۇ. 1987 - يىلى دۆلەت كۆمۈرچىلىك سانائىتىدە ئىنقىلاش، تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغاندا، بۇ كىچىك كۆمۈر قۇدۇقى بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن پېچەتلىنىدۇ. بۇ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تارتقان زىيىنىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتقان غۇلجا ناھىيىلىك كۆمۈرچىلىك ئىدارىسى بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى جىلىليۇزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامىدىن بىر كۆمۈركېنى قورۇش ۋە بۇ ئىشنى ليۇ چىڭچەنلەرگە تاپشۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرىنىڭ مۇنداق ياخشى نىيىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ليۇ چىڭچەن ئەر - خوتۇن چوقۇم ئوبدان ئىشلەپ رەھبەرلىكنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاشقا بەل باغلايدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ.

خاڭ ئورنى دەسلەپكى قەدەمدە تاللانغاندىن كېيىن، ليۇ چىڭچەن ئىلى ئوبلاستى چاڭشەنچى كۆمۈر كېنىنىڭ ئىنژېنېرى ليو چىشى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بىرنەچچە كان ئورنىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. كۆپ تەرەپتىن دەلىللەش ئارقىلىق خاڭنىڭ ئورنى ئاخىرقى ھېسابتا رەسمىي بېكىتىلگەندە، خاڭ ئورنى دەسلەپكى قەدەمدە تاللانغان ۋاقىتتىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ.

كۆمۈر كېنىدا ئاخىرى ئىش باشلىنىدۇ، خاڭ ئورنى قاقاس چۆلگە جايلاشقان بولغاچقا، ليۇ چىڭچەن كۈندۈزى ئىشچىلار بىلەن بىللە شاختا (كۆمۈر قۇدۇقى) قازسا، كېچىلىرى بەدبۇي، مەينەت بىر تاشلاندۇق مال قوتىنىدا يېتىپ - قوپىدۇ. خاڭ قېزىلىپ 37 مېتىر چوڭقۇرلۇققا يەتكەندە، ئۇلار يەر ئاستىدىكى قورقۇنچلۇق ئاقما قۇم قەۋىتىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ليۇ چىڭچەن نەق مەيداندىن كېچە - كۈندۈز ئايرىلمايدۇ ھەمدە ئاخىرى ئاقما قۇمنى بويسۇندۇرىدۇ. 8 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى كۆمۈر قاتلىمىغا يېتىدۇ. ئۆلچەپ كۆرۈش ئارقىلىق،

كۆمۈر قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 22 مېتىرغا، زاپاس كۆمۈرنىڭ 2 مىليون 800 مىڭ تونىغا يېتىدىغانلىقى، يىلىغا 80 مىڭ تونىا كۆمۈر ئېلىنسا، شاختىدىكى كۆمۈرنى 35 يىل قېزىش مۇمكىنلىكى ئېنىقلىنىدۇ .

## كۆتۈلمىگەن يالا ـ قازا تۈپەيلىدىن «توختام» نىڭ بىر پارچە قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قېلىشى

1989 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، شاختا قۇرۇلۇشى باشلانغان كۈندىن تارتىپلا، ليۇ چىڭچەن ئۆز سېلىنمىسىنىڭ ھېساباتىنى ئېنىق قىلىش ئارقىلىق بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى رازى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ ـ دە، ھۆكۈمەتتىن خاڭغا بىر بوغالتىر ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى جياڭ چېڭفېڭ ئىسىملىك بىر دېھقاننى خاڭغا بوغالتىر قىلىپ ئەۋەتىدۇ .

1990 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ليۇ چىڭچەن بىكىتۈەنىنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ بازىرىمىزنىڭ كۆمۈر كېنىنى ھۆددىگە ئېلىش ھوقۇقى يوق، دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدە بوغالتىرلىققا قويۇلغان جياڭ چېڭفېڭ قاتارنىڭ بېشىغا تۇرغۇزۇلىدۇ ـ دە، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز ئالدىغا تەييارلىغان توختامدىكى ھۆددىگە ئالغۇچى دېگەن ئورۇنغا جياڭ چېڭفېڭ، ليۇ چىڭچەن دەپ ئىككى ئادەمنىڭ ئىسمى يېزىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى يەنە ليۇ چىڭچەنگە بىلدۈرمەي ئۇنىڭ ئېرى چېن گودۇڭنى چاقىرىپ كېلىپ، ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلغاندىن كېيىن، بىر كېلىشىمگە ئىمزا قويغۇزىدۇ . بۇ كېلىشىمدە: ليۇ چىڭچەن قازغان 184 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى شاختا بىلەن 1000 مېتىرلىق خاڭ يولىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدۇ ؛ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ليۇ چىڭچەنلەرگە ئىش ھەققى بېرىدۇ، دەپ يېزىلغانىدى .

1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ليۇچىڭچەننىڭ مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ خاڭنى بالدۇرراق پۈتكۈزۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى كۆزلەپ، ليۇ چىڭچەننى خاڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ . لېكىن، 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ھۆددىگە ئېلىش توختىمى ئىمزالىغاندا، جياڭ چېڭفېڭ قانۇنىي ۋەكىل قىلىپ بېكىتىلىدۇ، شۇنداقلا توختامدا ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنىڭ 10 يىل بولىدىغانلىقى، ھۆددىگە ئېلىش مۇددىتىنىڭ ئالدىنقى 5 يىلىدا، ھەر يىلى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ يوقىرىغا جەمئىي 90 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرىدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ.

1991 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسئۇلى خاڭغا بېرىپ ئامما ئالدىدا ليۇ چىڭچەننىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى، جياڭ چېڭفېڭنىڭ خاڭ باشلىقى ۋە قانۇنىي ۋەكىل قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ . شۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرىلا، ليۇ چىڭچەن ناھىيىلىك كۆمۈرچىلىك ئىدارىسى بىلەن ئەمگەك ئىدارىسى بىرلىشىپ ئاچقان تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشقان ۋە كان باشلىقلىق سالاھىيەتنامىسى ئالغانىدى.

يۇز بېرىۋاتقان ئىشلار ليۇ چىڭچەننىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ . 1987 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە، ئۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن قەرز ئېلىپ، ئاشۇ خاڭغا كۆپلەپ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچ سەرپ قىلغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ سالغان مەبلىغىنىڭ ئىزىنى چىقىرىشى، باشلىغان ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى . ليۇ چىڭچەننىڭ ئېرى چېن گودۇڭ ياۋاش، شوكرى ـ قانائەتچان ئادەم ئىدى، ئۇمۇ ئايالىغا نەسىھەت قىلىپ: «پۇلىمىزنىڭ ئىزىنى چىقىرىۋالىدىغانلا ئىش بولسا، بۇ ئەلەمگە چىدىغىنىمىز

تۈزۈك» دېدى. شۇنىڭ بىلەن لىۇ چىڭچەن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تەن بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

جياڭ چېڭفېڭ خاڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، كەسپ ئەھلى بولمىغاچقا، قىلغان ئىشىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن چاتاق چىقىدۇ، باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ كۆپ قالايمىقانچىلىق كۆرۈلىدۇ. ئۆزىدە خاڭنى باشقۇرالىغۇدەك ئىقتىدارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ يەتكەن جياڭ چېڭفېڭ 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا لىۇ چىڭچەن بىلەن خاڭنى ھۆددىگە ئېلىش ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى لىۇ چىڭچەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالايدۇ. لېكىن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەممە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن جياڭ چېڭفېڭ ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى بىر ـ بىرلەپ يۆتكەپ كېتىشكە باشلايدۇ.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى لىۇ چىڭچەننى خاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، 1991 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى لىۇ چىڭچەننىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ. قايتىدىن خاڭ باشلىقى بولغان لىۇ چىڭچەن ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي ئىشلەپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە خاڭنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، شاختا تېمى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ئىككى ئىشچىنى بېسىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى يارىلىنىدۇ، بىرى قازا قىلىدۇ. بۇ ھادىسىنى باھانە قىلىۋالغان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى خاڭدىن ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، توختامنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ ھەمدە جياڭ چېڭفېڭغا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە كېلىپ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ. جاۋابكارلىقنىڭ ئۆزىگە ئارتىلىپ قېلىشىدىن قورققان جياڭ چېڭفېڭ لىۇ چىڭچەننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي توختامنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى توغرىسىدا بىر پارچە دوكلات يېزىپ، 1992 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرىدۇ. جياڭ چېڭفېڭنىڭ بۇ دوكلاتىغا ئاساسەن، 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئون نەچچە ئادەمنى تەشكىللەپ خاڭغا ئەۋەتىپ، خاڭنىڭ ترانسفورماتورى بىلەن كۆمۈر قېزىش ئۈسكۈنىلىرىنى شاختا ئاستىدىن ئېلىپ چىققۇزىدۇ. لىۇ چىڭچەننىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ شاختا ئاستىدىكى قېزىپ تەييارلىغان كۆمۈرلىرىنى توشۇپ چىقىرىۋېلىشى ئۈچۈن بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىشكە تەستە ماقۇل بولىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى جياڭ چېڭفېڭ بىلەن لىۇ چىڭچەنگە خاڭنى ھۆددىگە ئېلىش توختىمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى توغرىسىدا يازما ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ.

خاڭنى ھۆددىگە ئېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بىر قېتىملىق مۇرەسسە قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. يىغىندا، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى لىۇ چىڭچەن قازغان خاڭ يولىنى ھەر مېتىرىغا 50 يۈەن باھا بەلگىلەپ باشقىلارغا ھۆددىگە بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لىۇ چىڭچەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قويغان باھا بەك تۆۋەن بولۇپ قالدى، دەپ قاراپ، خاڭ يولىنىڭ ھەر مېتىرىغا 350 يۈەن باھا بەلگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ھېچ قانداق كېلىشىم ھاسىل قىلالمايدۇ. لېكىن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى لىۇچىڭچەننىڭ ئويلىنىشى ئۈچۈن 15 كۈن ۋاقىت بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ يەنىلا ماقۇل بولمىسا، مەسىلە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىكرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ، ليۇ چىڭچەن بانكا ۋە شەخسلەردىن ئالغان 400 مىڭ يۈەنگە يېقىن قەرز پۇلىنى سېلىنما قىلىپ 3 يىل ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق مىڭبىر جاپادا بەرپا قىلغان كۆمۈركېنى، تۇخۇم كۈچكە ئېگە بولغان كۈندىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىشى توختىتىپ قويۇلغانغا قەدەر ئاران 7 ئايلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

**ليۇ چىڭچەننىڭ ئائىلىسى خانىۋەيران بولۇپ، ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قېلىشى**

نۇرغۇن قېتىم سۆزلىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئامالسىز قالغان ليۇ چىڭچەن 1992 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ . ئۇ ئەرزىدە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توختامغا داۋاملىق ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، شۇنداقلا بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توختامنى بۇزغانلىق جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ۋە ئۆزىگە سالغان ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرزنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بۇ دېلونى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلىپ تەكشۈرۈشكە باشلايدۇ . لېكىن ، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، ليۇ چىڭچەن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرايدۇ.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى دېلو تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ليۇ چىڭچەن 8500 يۈەن دەۋا ھەققى تاپشۇرىدۇ . بۇ دەۋادا يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن ، ئۇ يەنە ئۆزىگە بىر ئادۋوكات تەكلىپ قىلىدۇ ۋە 6000 يۈەن ئەرز ۋاكالەت ھەققىنى غەملەش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپتىن قەرز ئالىدۇ.

1992 ـ يىلى7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ليۇ چىڭچەننىڭ ئېرى چېن گودۇن يېقىنلىرىدىن قەرز پۇل سوراش ئۈچۈن ، ھەرخىل ھۆججەتلەر سېلىنغان سومكىسىنى ئېسىپ ۋېلىسىپىتكە مىنگىنىچە سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ . بىراق، چېن گودۇننىڭ شۇ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن؟! يۈرىكى ئۆرتىنىپ تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەن ليۇ چىڭچەن تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ئېرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىدۇ . ئېرىنىڭ بىر ئاغىنىسى چېن گودۇننىڭ پۇل ئۆتنە ئالالماي روھى چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا بىرنەچچە ئاغىنىسى ئۇنىڭغا ئۆلپەت بولۇپ ئازراقتىن ھاراق ئىچىشىپ تەسەللىي بەرگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇنى ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بەرەر يامانلىقنى كۆڭلى تۇيغان ليۇ چىڭچەن دەرھال غۇلجا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە بېرىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ . ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا چېن گودۇننىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى، نەق مەيداندىن ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلىيالمىغاچقا، جەسەتنى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ كۆمدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ليۇ چىڭچەن سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ جەسەت كۆمۈلگەن جايغا كېلىدۇ ۋە تېپىز ، مۇنداقلا كۆمۈپ قويۇلغانلىقتىن، لالما ئىتلار كولاپ چىقىرىپ، تالاپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن ئېرىنىڭ جەسىتىنى، ھەممىلا يېرىدە جەسەت پارچىلىرى تاشلىنىپ ياتقان قاقاسلىقنى كۆرۈپ داڭقېتىپ قالىدۇ.

ليۇچىڭچەننىڭ روھىي دۇنياسى گۇمران بولايلا دەپ قالىدۇ . ئۆزىگە ھەمنەپەس بولۇپ، 30 يىلغا يېقىن ئۆي تۇتقان ئېرىنىڭ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنىڭمۇ شۇنچە خارلىنىپ ، جەسىتىنىڭمۇ پۈتۈن قالمىغانلىقى ليۇچىڭچەننى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ . ليۇ چىڭچەن بۇ سۈر باسقان قاقاسلىقتا تا كەچ كىرگىچە خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئولتۇرىدۇ . ئۇ ھازىر تاپقان ـ تەرگىنىدىن

ئايرىلدى، ئائىلىسى خانىۋەيران بولۇپ، ئۆزى ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئۆلۈۋېلىشتىن باشقا يول قالمىغانمىدۇ؟! 1992 - يىلى 11 - ئايدا، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ليۇچىڭچەنگە ئۇنىڭ دېلوسىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللانغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. ليۇ چىڭچەن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانلىقىنى چۈشىنەلمەيدۇ.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر مەسئۇلى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «سىز مەلۇم قىلغان دېلو بەك مۇرەككەپكەن. ئۇنىڭدىكى ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشىدا تالاش - تارتىشتا قالغان پۇل سانىمۇ كۆپكەن. يەنە تېخى بۇ بىر ئادەم خۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېلو ئىكەن. ئەگەر بۇ دېلو ئۈستىدىن ئادىل ھۆكۈم چىقارساق، بىز ئورنىمىزدىن ئايرىلىپ قالغۇدەكمىز، ئەگەر ئادىل بولمىساق، ۋىجدانىمىز كۆتۈرمەيدىكەن. شۇڭا بۇ دېلونى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق.»

ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 12 - ئايدا دېلو تۇرغۇزىدۇ. ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 4 قېتىم تەرگەۋ قىلىپ سوتلاش ئارقىلىق 1993 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۇ دېلو ئۈستىدىن مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ: «توختام كۈچكە ئىگە، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئەمەل قىلىنىدۇ؛ جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ليۇچىڭچەنگە 40 مىڭ يۈەن ئەھدە جەرىمانىسى تۆلەپ بېرىدۇ ۋە 8500 يۈەن دەۋا ھەققى، 1000 يۈەن تەرگەۋ ھەققىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.» لېكىن، جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمگە قايىل بولمىغاچقا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسىگە شىكايەت ئەرزى سۇنىدۇ. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى بۇ ئەرزنى قاراپ چىقىشقا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئوچۇق سوت قىلمايدۇ، پەقەت ئىككى قېتىم مۇرەسسە قىلىدۇ.

بىرىنچى قېتىم مۇرەسسە قىلىنغاندا، ليۇ چىڭچەن توختام كۈچكە ئىگە، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ ھەم يېزا ئىگىلىك 4 - شىسى قۇرۇلۇش - قاتناش باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سوتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش قىممىتىنى باھالاپ چىقارغان خۇلاسە دوكلاتىنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىدۇ. بۇ دوكلاتتا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، خاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش قىممىتى 378 مىڭ 341 يۈەن 14 فوڭ باھالانغانىدى. مەزكۇر دوكلات مەيلى تەرتىپ جەھەتتىن بولسۇن، ياكى دەلىل - ئىسپات جەھەتتىن بولسۇن تامامەن ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق ۋە قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولغاچقا، بىرىنچى قېتىملىق سوت ئۇنى ئېتىراپ قىلغانىدى. لېكىن، ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى مۇرەسسە جەريانىدا بۇ دوكلاتنى ئىنكار قىلىدۇ. نەتىجىدە، بىرىنچى قېتىملىق مۇرەسسە كۆڭۈلسىز ئاياقلىشىدۇ.

1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى ئىككىنچى قېتىم مۇرەسسە قىلىدۇ. يىغىندا ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇش تېخنىكى جۇXX نىڭ خاڭنى باھالاپ چىقارغان خۇلاسە دوكلاتىنى كۆرسىتىپ، ليۇ چىڭچەنگە ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولىدۇ. شەخسنىڭ ئىمزاسىلا قويۇلغان بۇ دوكلاتنى جۇ XX «غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن تەييارلىغان ئىدىم» دەۋالىدۇ. بۇ دوكلاتتا خاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈش قىممىتى ئاران 6000 يۈەن 54 فوڭ باھالانغان ئىدى. ليۇ چىڭچەن بۇ باھالاش دوكلاتىنىڭ دەلىل - ئىسپاتلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغاندا، تەلەپ رەت قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق مۇرەسسەمۇ تەبىئىي ھالدا

مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسى ئىككىنچى قېتىملىق سوت ھۆكۈمىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىرىنچى قېتىملىق سوتنىڭ ھۆكۈمى ئىناۋەتسىز. ليۇ چىڭچەن بىلەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان توختامغا داۋاملىق ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغاچقا، توختام بىكار قىلىندى. جۇ XX نىڭ باھالاش دوكلاتىغا ئاساسەن، جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ليۇ چىڭچەن ئەر ـ خوتۇن ۋە شىرىكلەشكۈچى جياڭ چېڭفېڭ قانارلىق باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ بىرنەچچە يىللىق ئىش ھەققى، ئەسۋاب، ئۈسكۈنىلەر راسخوتى ۋە قورۇلۇش چىقىمى ئۈچۈن جەمئىي 140 مىڭ 23 يۈەن 53 فىڭ تۆلەم بېرىدۇ؛ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قېتىملىق سوت دەۋا ھەققىنىڭ ھەر قېتىملىقى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان 6910 يۈەن چىقىمىنى ليۇ چىڭچەن ئۈستىگە ئالىدۇ».

لېكىن، ئىككىنچى قېتىملىق سوت ھۆكۈم چىقىرىشتىن 20 كۈن ئىلگىرىلا، جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى خاڭنى قورغاسلىق جاۋ XX كە ھۆددىگە بېرىۋەتكەنىدى.

## 5 يىلغىچە ھەل بولمىغان دەۋا

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ليۇ چىڭچەن ئىككىنچى قېتىملىق سوتنىڭ بۇ كېچىكىپ تەگكەن ھۆكۈمنامىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ھۆكۈمنامىنى كۆرگەن ليۇ چىڭچەن ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

خاڭنى قورۇش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقتى، مەبلىغى، سەرپ قىلغان يۈرەك قېنى، ھەتتا ئېرىنىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىشتەك دەرت ـ ئەلەملىرى بىر ياقتا قېلىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەي قەرز سوغلەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بېسىم ـ قىستاقلىرى ليۇچىڭچەننى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتتى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆلۈۋېلىش خىيالىغا كەلدى، لېكىن، تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن ئىككى بالىسىنىڭ سەبىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ نىيىتىدىن ياندى ۋە قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۆز ھوقۇقىنى داۋاملىق قوغداش قارارىغا كەلدى.

ليۇ چىڭچەن قانۇنغا دائىر كۆپلىگەن ھۆججەت ـ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتى ۋە ھەممە مۇناسىۋەتلىك ئەدلىيە ئورۇنلىرىدىن كۆپ قېتىم سوراپ ئۆگەندى. مۇشۇ ئاساستا ئۇ ئاخىرى 5000 خەتلىك «شىكايەتنامە» نى يېزىپ چىقتى.

ئىككىنچى قېتىملىق سوت بۇ «شىكايەتنامە» نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ليۇچىڭچەنگە مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئارقىلىق سوتىمىز چىقارغان ھۆكۈمنى پاكىتلارنى ئېتىراپ قىلىش ۋە قانۇنغا تەتبىقلاش جەھەتتە توغرا بولغان، دەپ قارىدۇق. شۇڭا، سىزنىڭ مەزكۇر دېلو ئۈستىدىن قىلغان شىكايەتنامىڭىز قانۇندا بەلگىلەنگەن قايتا قاراپ چىقىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئەسلىدىكى ھۆكۈم ساقلاپ قېلىنىدى.

ئىككىنچى قېتىم زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ليۇ چىڭچەن ئامالسىز گۆدەك بالىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ليۇ چىڭچەننىڭ ئەرزىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دېلو ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ ۋە 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تەپتىش خادىملىرىنى ئالاھىدە تەشكىللەپ، غۇلجا ناھىيىسىگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق ئۇلار: ئىككىنچى قېتىملىق سوت چىقارغان ھۆكۈمدە «ئېتىراپ قىلىنغان پاكىتلار ئېنىق ئەمەس، دەلىل ـ ئىسپاتلار يېتەرسىز، بىر تەرەپكە يان باسقان، ئادىل بولمىغان» دەپ قاراپ،

1994 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئىككىنچى قېتىملىق سوت ئۈستىدىن ئېتىراز بىلدۈردى.

1994 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا «ئېتىرازنامە»نى تاپشۇرۇۋالغان ليۇ چىڭچەن ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە باردى. ئۇنى قوبۇل قىلغان سوتچى ليۇ چىڭچەنگە:

ــ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ نارازىلىق ئەرزى سىزنى دېلويىڭىز ئۈستىدىن قايتا تەرگەۋ قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلدى، ـ دېدى. ئۇ:

ــ قايسى ئورۇن قايتا تەرگەۋ قىلىدۇ؟ ـــ دەپ سورايدۇ. سوتچى ئۇنىڭغا دېلونىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسىگە قايتۇرۇلغانلىقىنى، شۇلارنىڭ قايتا تەرگەۋ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ليۇ چىڭچەن دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ ئىلىغا كەلدى. لېكىن، ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ ئۇنىڭغا «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئېتىراز بىلدۈرگەن دېلو ئۈستىدە بىز قايتا تەرگەۋ قىلالمايمىز، دېلو ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قايتۇرۇۋېتىلدى» دېيدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟! ليۇ چىڭچەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يەنە كېلىدۇ. لېكىن ئۇ دېلونىڭ يەنە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسىگە قايتۇرۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ليۇ چىڭچەن نائىلاج غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان بىر سوتچى ئۇنىڭغا ئوبلاستلىق شۆبە سوت مەھكىمىسىدە بۇ دېلو ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلغاندا، مەھكىمىدىكى 80% ئادەمنىڭ مۇزاكىرىگە قاتناشقانلىقى، لېكىن، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋېلىشتىن قورقۇپ، ھېچكىمنىڭ بۇ دېلونى بىجىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىغانلىقى، شۇڭا دېلونىڭ يېنىش ـ يېنىشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدۇ.

ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بۇ يەردە بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگىنىنى كۆزى يەتمىگەن ليۇ چىڭچەن نائىلاج ئىككى بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ، 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭدىن ئايرىلىپ، دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، يېنىدا تىيىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ قالمىغان ليۇ چىڭچەن باشقىلارغا كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، خەق ئۇنىڭ قورسىقىغا ئاش، يېتىپ ـ قوپۇشىغا بىرەر ئورۇن بەرسىلا ئىش ھەققى ئالماي ئىشلەۋېرىدۇ.

ئەرز ـ ھالىنى ئېيتىش ئۈچۈن يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا كېلىپ تۇرۇپ قالغان ئۈچ يىل جەريانىدا، ليۇ چىڭچەن پانىي ئالەمدىكى مۇساپىرچىلىق، غورىبەتچىلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىدۇ. ئۇنىڭ تورالغۇسىدا سەي چىلايدىغان كىچىككىنە بىر كومزەك بار بولۇپ، شۇ كومزەككە چىلانغان سەي ليۇ چىڭچەن ئۈچۈن ئەڭ مەززىلىك غىزا ھېسابلىنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئەرز ـ ھالىنى ئېيتىش جەريانىدا ئۇ بىرقانچە قېتىم «ئىشسىز كوچىمەن» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئوزۇقلىنىشى ئۇزاق مۇددەت بىنورمال بولۇپ كەلگەن ليۇ چىڭچەن 1996 ـ يىلى ئېغىر ئۆت ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئەشۇ ئېغىر كۈنلەردە، ئۇ ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ، ئوغلىنىڭ بېيجىڭغا كېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى ئېيتىپ تېلېگرامما يوللايدۇ. ئوغلى ئانىسىغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن يېتىپ كېلىدۇ ۋە جاپالىق، ئېغىر، خەتەرلىك ئىشلارنى تېپىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى تەستە قامدايدۇ.

ليۇ چىڭچەن ئۆزىنىڭ قان ياشلىق شىكايىتى ئارقىلىق ئاخىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە كۆپلىگەن

ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ھېسداشلىقىغا، قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

1995 - يىلى 12 - ئايدا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئالاقە ئەۋەتىپ، «ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش»نى تەلەپ قىلىدۇ. «جۇڭگو ئاياللىرى گېزىتى»، «قانۇنچىلىق گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەرگە كەينى - كەينىدىن ليۇ چىڭچەن دېلوسى توغرىسىدىكى خەۋەر بېسىلىپ، جەمئىيەتتە ناھايىتى زور ئىنكاس قوزغايدۇ. نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەر گېزىتخانىغا خەت يېزىپ، قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىنى ۋە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

**ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ**

ئۇۋالچىلىقتا قالغان ليۇچىڭچەننىڭ ئەھۋالى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. 1998 - يىلى 2 - ئايدا، بېيجىڭدا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇلاردىن تەرگەۋ قىلىشتا چوقۇم ئەستايىدىل بولۇپ، دېلو بېجىرىشتە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ، ليۇ چىڭچەن مەلۇم قىلغان دېلونى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 1998 - يىلى 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋە 30 - كۈنى بۇ دېلونى ئىككى قېتىم ئوچۇق سوت قىلىدۇ ھەمدە 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاخىرقى سوت ھۆكۈمىنى چىقىرىدۇ.

ھۆكۈمدە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنىدۇ: «جياڭ چېڭفېڭ، ليۇ چىڭچەنلەر جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن ئىمزالىغان خاتىنى ئون يىللىق ھۆددىگە ئېلىش توختامى كۈچكە ئىگە... بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىشىدىن ئۆتكۈزمەيلا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، توختامنى زورلۇق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرغان... بۇ، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلىش قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ليۇ چىڭچەنگە ئەھدە جەرىمانىسى، ئىقتىسادىي زىيان تۆلىمى ۋە ليۇ چىڭچەننىڭ خاتىغا سالغان مەبلىغى ئۈچۈن 570281 يۈەن بەش فوڭ، بۇنىڭ ئۆسۈمى ئۈچۈن 298199 يۈەن 59 فوڭ بولۇپ، جەمئىي 868480 يۈەن 64 فوڭ تۆلەم بېرىشى ھۆكۈم قىلىنىدى. بازارلىق خەلق ھۆكۈمەت مەزكۇر ھۆكۈم يەتكۈزۈلگەن كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ 10 كۈن ئىچىدە تۆلەم پۇلىنى بىر قېتىمدىلا تاپشۇرۇشى شەرت، بولمىسا ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشنى كېچىكتۈرگەن ۋاقىتتىكى قەرز ئۆسۈمى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇپ ئېلىنىدۇ.»

بىراق، ئاخىرقى سوت ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە بولغان كۈندىن كېيىن 10 نەچچە ئاي ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھۆكۈم ئىجرا قىلىنمايدۇ. سەۋەبى، جېلىلىيوزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە قىيىنچىلىقى بولغاچقا، مۇنچە كۆپ پۇلنى تۆلەپ بېرىشكە ئامالسىز ئىكەن. مانا شۇنداق قىلىپ، ليۇ چىڭچەننىڭ قولىغا تەگكىنى قانۇننىڭ بىر پارچە «ئاق ھۆججىتى» بولۇپ قالىدۇ.

1999 - يىلى 6 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ئەرزىيەت ئورۇنلىرىدىن ليۇ چىڭچەننىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش

مەھكىمىسى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىن ليۇچىڭچەنگە تۆلەپ بېرىلىدىغان پۇل مەسىلىسىنى مۇزاكىرىلىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئارقىدىنلا، مۇدىر ھامىدىن نىياز ئىجرا قىلىشنىڭ قىيىنلىقى توغرىسىدا يوللانغان دوكلاتقا «خىزمەت بىناسى سېتىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ليۇ چىڭچەننىڭ قەرزى تۆلەپ بېرىلسۇن» دەپ تەستىق سالىدۇ. بۇ تەستىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىكى يولداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرائىيە كوللېگىيىسى بىرلىكتە تەشكىللىگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىلىغا ئەۋەتىلىپ، ليۇچىڭچەننىڭ قەرز پۇلىنى قايتۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چارىلىرى نازارەت قىلىنىدۇ.

1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جېلىلىيۈزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى مۇنداق قەرز تۆلەش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدۇ:

1. تۇرلۇك ئاماللار ئارقىلىق قەرز ئېلىپ، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ليۇ چىڭچەنگە 100 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىغىچە يەنە 50 مىڭ يۈەن قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. 2. يىل ئاخىرىغىچە ماي قاچىلاش پونكىتى سېتىلىپ قەرز تۆلىنىدۇ ياكى باھا بەلگىلەش ئورۇنلىرى باھا قويۇش ئارقىلىق ماي قاچىلاش پونكىتى قەرزگە ھېسابلىنىپ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ليۇچىڭچەنگە تاپشۇرۇلىدۇ. 3. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ھازىرقى خاڭنى ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن كېڭىشىپ، ئۇنىڭدىن 2003 ـ ۋە 2004 ـ يىللىق كۆتۈرە ھەققى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان 300 مىڭ يۈەننى قەرەلدىن بۇرۇن ئېلىپ ليۇ چىڭچەنگە بېرىدۇ. 4. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىگىدارلىقىدىكى مېۋىلىك باغنىڭ ھۆددىگە بېرىش قەرەلى توشقاندا، باغنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ليۇ چىڭچەنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ، باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققى تاكى ليۇ چىڭچەنگە قايتۇرۇلىدىغان قەرز تۈگىگەنگە قەدەر دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىدىكى باھا بويىچە ھېسابلىنىدۇ. 5. يۇقىرىقى پىلان ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىنمۇ قەرز يەنىلا تۈگىمىسە، خىزمەت بىناسى (كۆلىمى 1800 كۋادرات مېتىر، بىرمىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان) قانۇن بويىچە كىمىم ئارتۇق قىلىپ سېتىلىپ، قەرز تولۇق تۆلەپ بېرىلىدۇ.

ليۇ چىڭچەن بۇ قەرز قايتۇرۇش پىلانىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ پىلان ئۈنىڭغا ئورۇنلاش قىيىن ھەم قاچان ئىشقا ئاشىدىغانلىقى نامەلۇم بىر نەرسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. لېكىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ كۈچلۈك نازارەتچىلىكى ئاستىدا، جېلىلىيۈزى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ليۇچىڭچەنگە 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 150 مىڭ يۈەن؛ 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى 100 مىڭ يۈەن؛ 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى 200 مىڭ يۈەن قايتۇرىدۇ ۋە قەرزنىڭ قالغان قىسمىنى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۆلەپ تۈگىتىدۇ.

يېقىندا، ئوغلىنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىپ كېسىلىنى داۋالاتقاندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ليۇ چىڭچەن بىلەن پاراڭلاشقان چېغىمىزدا، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: بەختىمگە يارىشا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك قىلغاچقىلا، مېنىڭ ئەرزىم ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم تولۇق ئىجرا قىلىندى. مەن ئۇلارغا مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمەن!

شۇنىڭ بىلەن، 7 يىلغا سوزۇلۇپ، جەمئىيەتنى بىر مەھەل زىلزىلىگە سالغان ليۇچىڭچەننىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئەرز قىلىش دېلوسىغا ئاخىرى خاتىمە بېرىلدى.

«دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 7 ـ سانىدىن

**ھامۇت مامۇت تەرجىمىسى**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 4828065—61203

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە بېغىشلانغان ئەقىدە

ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

1998 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ئابلەھەت ھاجى جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى ئونسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئالماشتى. بۇ «ئېھتىياج» دىن كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. چۈنكى ئابلەھەت ھاجى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە سەككىز يىل ئىشلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشكە، خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي خىزمەتتە پىشىپ يېتىلگەنىدى.

ئابلەھەت ھاجى نۇرغۇن كىشىلەرگە ناتونۇش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلمىي ماقالە، خەۋەر ۋە تەرجىمە ماقالىلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە يېقىن تونۇش.

ئابلەھەت ھاجى 1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنىڭ ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان مەيلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بۆلۈمىدە ئىشلىگەن چاغلىرىدا بولسۇن، ياكى ئىستاتىستىكا، كاتىپ، تەرجىمانلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەندە بولسۇن، خىزمەتكە بولغان قىزغىنلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئامما ئارىسىدا تونۇلدى. ئۇ بوش ۋاقتىنى تىل ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، خەنزۇچە سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەرجىمان بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇ 1984 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە تەشكىلات بۆلۈمىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدىلا ئاساسىي قاتلام خىزمەتلىرىگە پىشتى. ئۇنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ئۆستۈرۈلۈشى، خىزمەت تەقسىماتىدا ۋەكىللەر ـ كادىرلار خىزمىتى كومىتېتىغا مەسئۇل بولۇشى ئۇنى ۋەكىللەر ۋە ئامما بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئۇچرىشىپ، ئاممىۋى يولنى كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ يېزىلارغا بارغاندا ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەر ۋە ئامما بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى، يولغا قويۇشتىكى توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئىگىلەپ، قانۇننى تەشۋىق قىلىش، قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ناھىيىلىك دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بوزدۆڭ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئۆستەڭبويى كەنتىگە بارغاندا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن قالدۇرۇق جوغلانمىنىڭ 5% تىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ 15% تىن 20% كىچە يەتكەنلىكىنى، فېرمىدىن چۈشۈرۈلگەن ھەرخىل باشقۇرۇش ھەققى يىلمۇ يىل ئۆرلەپ ماڭغانلىقىنى ئېنىقلىدى ھەمدە ناھىيىلىك ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىكى خادىملارنى يېتەكلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كەنت ئىقتىسادىنى ئاشكارىلاپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تۈزەتتى.

يۇقىرىدىن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش توغرىسىدا قايتا ـ قايتا چۈشكەن پەر-

مانلار ئارقىلىق بىر قىسىم سېلىقلار تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، يېڭىچە، غەيرىي شەكىلدىكى سېلىقلار پەيدا بولدى. مەسىلەن: 1995 - يىلى قىزىل يېزىسىدا تېرىلغان بۇغدايغا 600 كىلوگرام خەندىلۈك (مەھسۇلات ئاشۇرىدىغان دېھقانچىلىق دورىسى) كېتەتتى. لېكىن بۇ يېزىغا 10 توننا خەندىلۈك ئېلىپ كېلىنىپ، كەنت، مەھەللە، ئائىلىلەرگىچە تارقىتىلىپ، كىلوسىغا 30 يۈەندىن پۇل يىغىۋېلىندى. دېھقانلار بۇ باھادىن گۇمانلىنىپ، ئاقسۇ شەھىرىدىكى دېھقانچىلىق دورىسى ساتىدىغان ماگىزىنلارغا بېرىپ بۇ ماگىزىنلاردا خەندىلۈكنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ باھاسىنىڭ 12 يۈەن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئارقىلىق ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلدى. بۇ مەسىلە دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئابلەھەت ھاجى ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسى بويىچە تەكشۈرگەندە، بۇ خەندىلۈكنىڭ قىزىل يېزىسىغا غەيرىي يوللار ئارقىلىق كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. باشقا يېزىلاردىمۇ ئوخشىمىغان شەكىللەردە قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېزىغا ھەقسىز يىغىۋېلىپ چۆپقىتىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان، دېھقانلارغا تاش يىغدۇرۇپ قۇرۇلۇش قىلىدىغانلارغا ساتىدىغان، ياغاچلارنى ھەقسىز كېسىپ يۆتكەپ كېتىدىغان، مەجبۇرىي ئەمگەك ئۆلچەمىدىن ئېشىپ كېتىدىغان، سۇ ھەققىنىڭ ئاشكارا باھاسى بىلەن يىغىۋېلىنغان پۇلنىڭ پەرقى ئېشىپ كېتىدىغان، يىللىق «مەھسۇلات ئاشتى» مۇكاپاتىغا بېرىلىپ، سانلارنى يالغان مەلۇم قىلىدىغان، چارۋىچىلارغا ئۇزۇن مۇددەت ھۆددىگە بېرىلگەن ئوتلاقلارنى باشقىلارغا سېتىپ تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇردى. بۇ ناھىيىدە 1989 - يىلدىن باشلاپ پىلە بېقىشنى يولغا قويۇش مەقسىتىدە 6 مىليون تۈپ ئۈجمە كۆچىتى تىكىلگەن بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۆلانغانىدى. 1996 - يىلدىن باشلاپ ئاساسەن قومۇرۇپ تاشلاندى. بۇ ئۈجمە كۆچىتى ئۈچۈن دېھقانلارنىڭ ئەمگەك كۈنىدىن باشقا 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىم قىلىنغانىدى. دېھقانلارنىڭ بېشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان بۇ پۇتلىكاشاڭلارنى تۈگىتىش زۆرۈر بولغاچقا، ئابلەھەت ھاجى خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن قانۇنىي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش مەقسىتىدە 1990 - يىلدىن باشلاپ 12 پارچە ئىلمىي ماقالە، تەكشۈرۈش دوكلاتى، خەۋەرلەرنى يازدى. 13 پارچە جىددىي ئېھتىياجلىق ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلدى. بۇ ماقالىلەر «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئەمەلىيەت ۋە ئىزدىنىش»، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت، ژۇرنال، كىتابلاردا ئېلان قىلىندى. يۇقىرىقى ماقالىلەردىن «ۋەكىللەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرايلى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1991 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى مۇھاكىمە يىغىنىدا «مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە» بولۇپ باھالاندى ۋە «ئەمەلىيەت ۋە ئىزدىنىش» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالە يەنە بۇ يىل «جۇڭگو ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات مەجمۇئەسى» نىڭ «يېڭى ئەسىرگە ئاتلىنايلى» ناملىق تاللانغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. «ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى زەھەر چەكلەش بويىچە قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى» ماۋزۇلۇق مەخسۇس خەۋىرى 1994 - يىلى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئابلەھەت ھاجى خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى ئەقىدە باغلىغان بۇ كەسىپ ئۈچۈن ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

خ ق دائىمىي كومىتېتى، ھەر مىللەت ۋەكىللىرى ۋە خەلق ئاممىسى ئابلەھەت ھاجىدەك كەسىپ ئەھلىگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. چۈنكى ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەھكەم كۆۋرۈك ھەم قانۇن تەشۋىقاتچىسى ئىدى.

ئۇ خىزمەتتە ئورۇن، شارائىت تاللىمىدى. قەيەرگە قويسا، شۇ يەردە يىلتىز تارتىپ، يېڭى خىزمەت ئورنىدا يېڭى تۆھپە ياراتتى. ئابلەھەت ھاجى جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭەشى ئۈنسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىغا كەلگەندىن بۇيان، بىر تەرەپتىن سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلسە، يەنە بىر تەرەپتىن «ئۈنسۇ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىنى چىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلدى. تەرجىمە، تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يېڭى ئەسىرگە ئاتلىنىش ئالدىدا يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن تارىخ بېتىدىن ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇشقا تىرىشماقتا.

(ئاپتور ئۈنسۇ ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: تاھىر ماموت
تېلېفون: 61203—4828065

## ۋاقتىدا قىلىنغان ياردەم ئۈنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى

كېرىيە ناھىيە مۇغاللا بازىرىنىڭ باشقاچۇن كەنت پارتىيە ياچېيكىسى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن 5 ـ ئايدا قىسمەن دېھقانلارنى تەشكىللەپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاپ ھويلا ـ ئارام ئۆزگەرتىش ئەمگىكى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، دېھقان مەمتىمىن زوقۇمنىڭ بېشىغا ئېھتىياتسىزلىقتىن ياغاچ چۈشۈپ كېتىپ ئېغىر يارىلىنىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدۇ.

مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق خەلق قورۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، باشقاچۇن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى يولداش مەتقاسىم تۇردى دەرھال ئۆز يېنىدىن 500 يۈەن چىقىرىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان مەمتىمىن زوقۇمنى تېزدىن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردۇ. بىمارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بىمارنىڭ بېشىنى ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاڭلىغان مەتقاسىم تۇردى دەرھال شۇ كەنتتىكى ئىككى دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى، پارتىيە ئەزالىرى، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدۇ، بۇ پائالىيەتتە مەتقاسىم تۇردى قاتارلىق خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى، پارتىيە ئەزالىرى باشلامچى بولۇپ نەق پۇل ئىئانە قىلدۇ؛ بۇنى ئاڭلىغان كۆپلىگەن دېھقانلار ۋە بېيىغان كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ پۇل ئىئانە قىلىشىدۇ؛ نەتىجىدە 4200 يۈەن ئىئانە توپلىنىپ بىمار داۋالىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

دوختۇرلارنىڭ بىمارنى ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە بىمارنىڭ ھاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ. بۇ پائالىيەت كەنت ۋە پۈتۈن بازار بويىچە كەڭ تارقىلىپ ئامما ئىچىدە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدۇ. ھازىر بىمارنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ نورمال ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ياسىن ھاشىم

## مۇئاۋىن مۇدىر خوجىخان ھاكىموف باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خوتەندە «يېمەكلىكەر تازىلىقى قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈردى

يېقىندا مۇئاۋىن مۇدىر خوجىخان ھاكىموف باشچىلىقىدىكى «يېمەكلىكەر تازىلىقى قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گورۇپپىسىدىكىلەر خوتەن شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازارلىرى، سوغۇق ئىچىملىك، يېمەكلىك پىشىقلاپ ئىشلەش، ياساش، سېتىش نۇقتىلىرىنى تەكشۈردى.

تۇرسۇن توختى

## تۇرپان شەھىرىنىڭ باشلىقى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدى

يېقىندا، تۇرپان شەھىرىنىڭ باشلىقى جاپپار ئىبراھىم ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ توققۇز ۋەكىلىنى قوبۇل قىلىپ، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تورالغۇ ئۆي مەسىلىسى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىق قورۇلۇشى، ئۈزۈم پىششىقلاپ ئىشلەش سالمىقىنى زورايتىمىش، يېزا - كەنت يولى قۇرۇلۇشى، شەھەر - بازارلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاش، يېزا - كەنتلەردىكى سۇ - توكنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق 16 تۈرلۈك پىكىر، تەۋسىيىگە جاۋاب بەردى. شەھەر باشلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تورالغۇ ئۆيىنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدە، ئىلگىرى ھەل قىلىپ كېلىۋاتقان ئاساستا، بۇ يىل يەنە 197 يورۇش ئۆيىنى ھەل قىلىدىغانلىقى، ئۈزۈم پىششىقلاپ ئىشلەش مەسىلىسىدە، سېتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى تۇتقاندىن سىرت، ئۈچ مىڭ توننىلىق ئۈزۈمنى يېڭى پېتى ساقلاش ئىسكىلاتى قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى؛ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىق قورۇلۇشى مەسىلىسىدە، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىققانلىقى توغرىسىدا ۋەكىللەرگە جاۋاب بەردى. ۋەكىللەر بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن ئىنتايىن رازى بولدى.

ئەنۋەر مەمەت

## خەلق ۋەكىللىرى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 - 30 مىڭ موغىچە كېۋەز تېرىلاتتى. ئەمما، بۇ يېزىدا پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى بولمىغاچقا، دېھقانلار پاختىنى ناھىيە بازىرىدىكى پاختا زاۋۇتىغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇنىڭ بىلەن قاتناش ۋە خىراجەت جەھەتتىن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقاتتى. شۇڭا، بۇ يېزىدىكى دېھقانلار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئۆز يېزىسىدا پاختا زاۋۇتىنىڭ قورۇلۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەلگەنىدى. 1997 - يىلدىن بۇيان بۇ يېزىدىكى خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرى يېزىغا پاختا زاۋۇتى قورۇپ بېرىشنى ئۈزمەي تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ بۇ يېزىدىكى ۋەكىللىرىمۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان بۇ ھەقتىكى تەكلىپىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدى ھەمدە بۇ يىل 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ناھىيىلىك 12 - نۆۋەتلىك خەلق

(ئاخىرى 57 - بەتتە)

## ھېكمەتلەر

ئەگەر بىر كىشى بىلەن سۆھبەتلەشسەڭ ئۇنىڭ ئەقلىگە قارا، دىنىغا قارىما. چۈنكى ئۇنىڭ دىنى ئۆزى ئۈچۈن، ئەقلى ھەم سەن ئۈچۈن ھەم ئۆزى ئۈچۈندۇر.

*** 

ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بول، ئۇنىڭ ئەقلىدىن ساڭا پايدا تېگىدۇ.

*** 

رايىڭغا يېقىپ بېرىلگەن مەسلىھەت ساپ ئەمەس.

*** 

بىر كىشى پەيلاسوپتىن سوراپتۇ:

—سىز قاچاندىن بۇيان ئەقىللىق؟

—تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئەقىللىقمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پەيلاسوپ.

—بەللى، بۇۋاق بالىنىمۇ ئەقىللىق دېيىش مۇمكىنمۇ؟—ھەيران بولۇپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

—قورسىقىم ئاچسا يىغلىدىم، ئەمچەك بەرسە جىم بولدۇم. دېمەك كىشى ئۆز ئېھتىياجىنىڭ مىقدارىنى بىلەلىسىلا ئەقىللىقتۇر.

*** 

بىر كىشى پەيلاسوپ ئارىستوتېلدىن سوراپتۇ:

—ئىلىم ئارتۇقمۇ، پۇل-مالمۇ؟

—ئەلۋەتتە ئىلىم ئارتۇق، — دەپتۇ پەيلاسوپ.

—ئۇنداق بولسا، ئالىملار بايلارنىڭ ئالدىغا باردۇ-يۇ، ئەمما بايلار ئالىملارنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ كەلمەيدىغۇ؟

—دۇرۇس، ئالىملار پۇل-مالنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ، لېكىن بايلار ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالىملارنىڭ ئالدىغا كەلمەيدۇ.

*** 

كېڭەش —يېرىم خاتىرجەملىكتۇر.

*** 

ئەقىل تەجرىبىگە موھتاج؛ ئىلىم ئەخلاق، پەزىلەتكە موھتاج؛ شاتلىق تىنچلىققا موھتاج؛ يېقىنلىق مۇھەببەتكە موھتاج.

*** 

ئۆزىنى تونۇغان كىشى ئەقىللىقتۇر، ئەخمەق ئۆزىنى تونۇپ يەتمىگەچكە ئەقىلسىز.

*** 

ئوت ئۇچقۇنلىرىدىن قورققان ئادەم تۆمۈرچى بولالمايدۇ.

*** 

—پ. م. يىلتىز تەييارلىغان.

---

(بېشى 56 -بەتتە)

قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنىدا سىيەك يېزىسىغا پاختا زاۋۇتى قۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا رەسمىي تەكلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۇردى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكلىپلەرنى بېجىرىش جەريانىدا ئۈچ يىل ئۆزۈلدۈرمەي ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تەكلىپكە يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قارىدى ھەمدە ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن، بىرلىكتە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلدى. ناھىيە مالىيىسىدە ئېغىر قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان بۇ تۈر ئاخىر تەستىقلاندى، 5-ئاينىڭ باشلىرىدا 100 مو يەر ئاجرىتىلىپ، سىيەك يېزىلىق پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى. سىيەك دېھقانلىرى بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇشتى.

ئابلىمىت توختى

# چىرا ناھىيىسىدە يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى

چىرا ناھىيىسىدە يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ رولى ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى، خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى يۈرگۈزۈشتە ۋەكىللەر پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشنى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتقانلىقتىن، تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنى ئىجرا قىلىشتا ۋە خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئۆتكەن بىر يىلدا بۇ ناھىيىدىكى ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى:

(1) ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىپ، بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى.

(2) ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قارىتا نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتتى.

(3) ھەرقايسى يېزا - بازارلاردىكى خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى نۇقتىلىق ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، يېزا - بازارلارنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

(5) خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى باھالاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇردى.

(6) ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان «قىيىن نۇقتا»، «قىزىق نۇقتا» مەسىلىلىرىگە قارىتا ۋەكىللەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

(7) ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپلەرنى بېجىرىشكە ئەستايىدىل ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، پىكىر - تەكلىپلەرنىڭ تولۇق بېجىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

(8) ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ئاممىدىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى بېجىرىشكە ئەھمىيەت بەردى.

(9) ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى.

(10) ھەرقايسى يېزا - بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرى يېزىلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇردى.

مەتقۇربان ھوشۇر

# خەلق قۇرۇلتىيىغا كىم ۋەكىللىك قىلالايدۇ؟

تيەن بىخۇي

ئۇزۇندىن بۇيان، بەزى جايلار يىغىن ئاچقان، ھال سورىغان، لېنتا كەسكەن ياكى باشقا ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا، پارتكوم رەھبەرلىرى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى تەركىبىدىكىلەر، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتىنىڭ ئايرىم مەسئۇللىرى سۆز قىلغاندا دائىم ئۆزىنى «خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن»، «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن» سۆزلىگەن قىلىپ كۆرسىتىپ كەلدى.

ئۇنداقتا، شەخس زادى خەلق قۇرۇلتىيىغا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالامدۇ-يوق؟ بۇ جەھەتتە بەزى مۇجمەللىكنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

بىرىنچى، پارتكوم رەھبەرلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە پارتىيە — رەھبەرلىك يادروسى ھېسابلىنىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يەرلىكنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە رەھبەرلىك يادرولۇق رول ئوينايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئۆز خىزمەتلىرىدە چوقۇم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرگىزمۇ پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنىدا خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكى ھېسابلانمايدۇ، پارتكوم رەھبەرلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ھوقۇق يۈرگۈزسە تېخىمۇ بولمايدۇ. پارتكومنىڭ مەقسىتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنىي تەرتىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەندىلا، ئاندىن پۇقرالارنى چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلىنالايدۇ. پارتكومنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىكى تەشكىلىي ھەرىكەت بولۇپ، پارتكومدىكى رەھبەرلەرنىڭ شەخسىي ھەرىكىتى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتكومدىكى رەھبەري يولداشلار شەخسىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلىش سالاھىيىتى يوق. ئاساسىي قانۇندا، ھۆكۈمەت خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ؛ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدۇ، ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا ئايرىم تەيىنلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلسا، ئۇنداقتا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتنى ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزەلمەيدۇ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا سايلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ھەتتا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-

مىتېتىنىڭ ئەزالىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشتەك سۇبيېكتىپ سالاھىيىتىنىمۇ ھازىرلىمىغان تۇرسا، قانداقسىگە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالىسۇن؟ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بەزى سۆز ياكى خىزمەت ئەمەلىيىتىدە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق نوپۇزىنى تىكلىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

ئۇنداقتا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «رەھبەرلىرى» خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىللىك قىلامدۇ ـ يوق؟ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتنىڭ رەئىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرى ھېسابلانمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى كوللېكتىپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدە بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى قانۇندا بەلگىلەنگەن ساندىكى ۋەكىللەردىن تەركىب تاپىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «مۇدىر، بىرنەچچە مۇئاۋىن مۇدىر، باش كاتىپ، بىرنەچچە ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ». ئاۋاز بەرگەندە، مۇدىر ياكى ئادەتتىكى ۋەكىل بولۇشتىن قەتئىينەزەر قانۇنىي ئورۇن جەھەتتە باراۋەر بولۇپ، ھەربىر ئادەم بىرلا بېلەت تاشلايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرىدا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ يىغىن ئاچىدىغان ياكى ۋەكىللەردىن بىرنەچچە بېلەتنى ئارتۇق تاشلايدىغان ھوقۇق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى تەركىبىدىكىلەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بولمىسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى كوللېكتىپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىدىن باشلىق مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىگە ئۆزگىرىپ كېتىپ، ھوقۇق شەخسكە مەركەزلىشىپ قالىدۇ، بۇ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا زىت كېلىدۇ.

دېمەك، پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتى، دائىمىي كومىتېت خىزمەت ئاپپاراتلىرى مەسئۇللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلىشىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئومۇمەن، شەخسنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىش مۇۋاپىق ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيى — خەلقنىڭ قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى — خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى، ئۇ بىر كوللېكتىپ. پەقەت قانۇندا بەلگىلەنگەن ساندىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇن بويىچە يىغىن ئاچقان ۋاقىتتىلا، بارلىق ۋەكىللەر (ياكى مەلۇم تەكلىپنى ماقۇللاشتا قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا توشقانلار) خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ؛ پەقەت قانۇندا بەلگىلەنگەن ساندىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر قانۇن بويىچە دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئاچقان چاغدىلا بارلىق (ياكى مەلۇم تەكلىپنى ماقۇللاشتا قانۇندا بەلگىلەنگەن سانغا توشقانلار) ئەزالار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خەلق قۇرۇلتىيى دائى-

مىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى باش كاتىپى ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرى ياكى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ تەشكىلىي ھەرىكىتىنى نامايان قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، پەقەت «خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن. . . »، «مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن» لا دېيىشى، ھەرگىزمۇ «مەن خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن»، «مەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن»، «مەن مۇدىرلار يىغىنىغا ۋاكالىتەن» دېمەسلىكى لازىم. پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى «خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋاكالىتەن»، «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن» دېگەننى ئادەت سۆزى قىلىۋالسا تېخىمۇ بولمايدۇ.

«خەلق گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 5 - ئىيۇلدىكى سانىدىن

دىلمۇرات مۇھەممەد تەرجىمىسى

## پۇراقلىق سايما كەش سېتىۋالماڭ

نۆۋەتتە، بازاردا ھەرخىل رەڭدىكى سۇلياۋ سايما كەشلەر تۆۋەن باھادا سېتىلىۋاتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ سۇلياۋ سايما كەشلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېرەكسىز سۇلياۋ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، بەزىلىرى سانائەت كېرەكسىز ماتېرىياللىرى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن قايتا ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ سۇلياۋ سايما كەشنىڭ ماتېرىيالىدا كۆپ مىقداردا زەھەرلىك ماددىلار بار. قايتا ئىشلەپچىقىرىلغان سۇلياۋ ماتېرىياللىرىدا كۆپ مىقداردا گۆڭگۈرت ۋە فېنىلئامىن بولۇپ، بۇ ماددىلار ئۇزاق ۋاقىت ئادەم تېنى بىلەن ئۇچراشسا، سالامەتلىككە ئىنتايىن زىيانلىق. فېنىلئامىن ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن سېسىق پۇراق تارقىتىپ ھاۋانى بۇلغايدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، ئادەملەردە تۇنجۇقۇش، باش قېيىش، قۇسۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. سايما كەشتە پۇراق بار يوقلۇقىنى پۇراپ بېقىش بۇ خىل زەھەرلىك سايما كەشنى ئايرىۋېلىشنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىدۇر.

«بىلىم كالىندارى» دىن

نۇسرەت كېۋىر تەرجىمىسى

## تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر ۋىتامىن A نى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك

ئادەمنىڭ كۆرۈش پەردىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا بىر خىل بېغىررەڭ ماددا بولۇپ، بۇ خىل ماددا ۋىتامىن A دىن تەركىب تاپقان. ئۇزاق ۋاقىت تېلېۋىزور كۆرگەندە، بۇ خىل بېغىررەڭ ماددا كۆپ مىقداردا خورايدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، ناۋادا ئادەم ئۇدا 4 سائەت تېلېۋىزور كۆرسە، كۆزنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى 30% تۆۋەنلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشسا، كۆز چارچاش، قورغاقلىشىش، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

شۇڭا، داۋاملىق تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر تەركىبىدە ۋىتامىن A مول بولغان كۆكتاتلارنى يېيىشى، ئېغىرراق بولغانلىرى ۋىتامىن A تابلېتكىسىنى ئىچىشى كېرەك.

«بىلىم كالىندارى» دىن

نۇسرەت كېۋىر تەرجىمىسى

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203—4828065

# غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا قانۇنچىلىق ئالدىدا مېڭىشى كېرەك

يۈن خېپىڭ ، چېن جىڭەن

غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش نۆۋەتتىكى قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى، ھەر ساھە زاتلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا تاش يول قۇرۇلۇشى، ئىدىيە ۋە سىياسىي، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ئالدىدا مېڭىشى كېرەك، دېيىشمەكتە. ئەمەلىيەتتە، ھەممىدىن مۇھىمى قانۇنچىلىق ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئەلۋەتتە «ئېتىبار بېرىش سىياستى» بولۇشى كېرەك، ئەمما ئەڭ مۇھىمى يەنىلا قانۇننىڭ كاپالىتى بولۇشى كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئاچقاندا قانۇنچىلىق ئارقىلىق ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلغانلىقىدەك تارىخى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ. ئامېرىكا مۇستەقىل بولغاندا ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغىقىدىكى تەخمىنەن 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ئازغىنا زېمىنغا ئىگىدارلىق قىلاتتى، ئۇ غەربىي رايوندىكى كەڭ زېمىننى ئاچقاندا، ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ يەر قانۇننى ئېلان قىلدى، بۇ ئۈچ يەر قانۇنى ئامېرىكىنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىشتىكى پروگراممىسى ئىدى. دەل قانۇنچىلىق كاپالىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامېرىكا 100 نەچچە يىل غەربىي رايوننى ئېچىش داۋامىدا، بىر كىچىك دۆلەتتىن تەرەققىي قىلىپ، قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندى. شۇڭا، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئالاقىدار قانۇنلارنى چىقىرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش نۆۋەتتىكى ئىنتايىن جىددىي ئىش بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايوندىكى ئۆلكىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، يەرلىك قانۇن چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشى، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشى خەلق ئاممىسى غۇلغۇلا قىلىپ كېلىۋاتقان «قىزىق نۇقتا» مەسىلىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا، دۆلەت زور بەدەل تۆلەپ قانۇن ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىپ، ئېچىش داۋامىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى قانۇن ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ ھەل قىلىشى كېرەك. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدا كىشىلەرنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى، قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەرەپلەرنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىمىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقاندا، بىزنىڭ تېخىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلىشىمىزغا، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىپ، تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۈچۈن پۇختا قانۇنچىلىق ئاساسى يارىتىشىغا توغرا كېلىدۇ.

«پۇقرا» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 5 - سانىدىن

ئەمەت توختى تەرجىمىسى



# ئۇيغۇر ئالىم جيەن بوزەننىڭ ئۇۋاللىق دېلوسىنىڭ ئاقلىنىشى

جاڭ چۈەنشېر

1978 ـ يىل 8 ـ ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەن يازغان جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ ئۇۋاللىق دېلوسىنى ئاقلاش توغرىسىدىكى ئەرزنامىگە «مېنىڭچە ئۇنى ئاقلاش كېرەك» دەپ تەستىق سالدى. بۇ تەستىق يەتكۈزۈلۈپ يېرىم ئايدىن كېيىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى دەرھال مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ، جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ 10 يىلغا سوزۇلغان ئۇۋاللىق دېلوسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاقلىدى.

جيەن بوزەن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن دېگەن يېرىدىن، مىللىتى ئۇيغۇر، 1898 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تۇغۇلغان. ئۇ دۆلىتىمىزدىن چىققان مەشھۇر ماركسىزمچى تارىخشۇناس ئالىم، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ماركسىزملىق تارىخ ئىلمىگە ئۇل سالغۇچى ئاساسلىق كىشىلەردىن بىرى. جيەن بوزەن 1926 ـ يىلدىن باشلاپلا شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەمدە گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى دېگەن سالاھىيەت بىلەن تەييۈەن ۋە گۇيسۇي (بۈگۈنكى كۆكخوت) قابېرىپ، سەنشى ھەربىي ۋالىيسى يەن شىشەن ۋە سۇييۈەن ھۆكۈمرانى شاڭ جېننى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا ماسلىشىشقا سەپەرۋەر قىلغان. بۈيۈك ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بېيپىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، نەنجىڭ قاتارلىق جايلاردا نەزەرىيە، تەشۋىقات ۋە بىرلىكسەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 ـ يىل 5 ـ ئايدا پارتىيىگە كىرىپ مەخپىي پارتىيە ئەزاسى بولغان. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يەنە چۇڭچىڭ، شاڭخەيلەردە يولداش جۇئېنلەينىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە تەشۋىقات، بىرلىكسەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى فېڭ يۈشياڭنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى، تەن جېن (گومىنداڭ ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) نىڭ خۇسۇسىي كاتىپى بولغان. ئۇ سىياسىي ساھەدىكى ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى نۇرغۇن يۇقىرى قاتلام زاتلارنى قولغا كەلتۈرىدىغان بىرلىكسەپ ئوبيېكتى قىلىنغان.

جيەن بوزەن 1938 ـ يىلى نەشر قىلىنىپ كېيىنكى يىلى قايتا نەشر قىلدۇرغان «تارىخ پەلسەپە ئوقۇشلۇقى» دا ياپون ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلغان ھەمدە گومىنداڭ ئىچىدىكى جاھىل گۇرۇھلارنىمۇ جىددىي تەنقىد قىلىپ ئاگاھلاندۇرغان. ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپىدە شاڭخەيگە كېلىپ، كېيىنرەك شياڭگاڭغا بېرىپ جياڭ جيېشىغا قارشى دېموكراتىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بۇيرۇققا بىنائەن ئازاد رايونغا قايتىپ بارغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ھەم مۇدىرى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي بۆلۈم ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەمۇرىي ئىشلار كېڭەشى مەدەنىيەت ـ مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى،

مەركىزىي مىللەتلەر تارىخ تەتقىقات ـ يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. جيەن بوزەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ئومۇمىي خەت سانى 4 مىليوندىن ئاشىدۇ. مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن «تارىخ پەلسەپە ئوقۇشلۇقى»، «جۇڭگوتارىخى ئومۇمىي پروگراممىسى» 1 ـ، 2 ـ توم، «جۇڭگو تارىخىغا دائىر نەزەرىيە توپلىمى» 1 ـ، 2 ـ جىلد، «تارىخىي مەسىلىلەر مەجمۇئەسى»، «جۇڭگو تارىخى مۇھىم پروگراممىسى» (ئاساسلىق تۈزگەن)، «جۇڭگو چەت ئەللەر تارىخى يىلنامە جەدۋىلى» (ئاساسلىق تۈزگەن) قاتارلىقلار بار.

جيەن بوزەن ئەپەندى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 10 نەچچە يىلدا يېڭى جۇڭگونىڭ ماركسىزملىق تارىخ قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. بولۇپمۇ ئۇ 1959 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ماركسىزملىق پرىنسىپنى جان تىكىپ قوغداپ، ئەينى چاغدا يامراپ كېتىۋاتقان چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلغان. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇنى چېن بودا، كاڭ شېڭ، جياڭ چىڭ قاتارلىق سىياسىي قارا نىيەتچىلەر سىغدۇرمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئۇ «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئاغدۇرۇلدى. كېيىن يولداش ليۇشاۋچىنىڭ قارا ماتېرىيالىنى يېزىشنى قەتئىي رەت قىلغانلىقتىن مەركەز مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى بىلەن ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە «پارتىيىدىن تازىلاپ چىقىرىلدى».

ۋۇجۇڭ جيەن بوزەننى قايتا ـ قايتا سوراق قىلغانلىقتىن، جيەن بوزەن ئامالسىز ئۆلۈۋالدى

1968 ـ يىلى يازدا جيەن بوزەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۆلتۈرۈۋاتقىنىغا 19 يىل بولغان يەندوڭيۈەندىكى 28 ـ نومۇرلۇق ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ جياڭ جەمەتى رەستىسىدىكى 3 ـ نومۇرلۇق قورۇغا جايلاشقان بىر كىچىك قاراڭغۇ ئۆيگە نەزەربەنت قىلىندى. ئۇنى كۈندە دېگۈدەك كوچا لۈكچەكلىرى ۋە ئىش ئۇقمايدىغان كىچىك باللار پىپەن قىلاتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئايلىق تۇرمۇش پۇلى ئۈچۈن ئاران 30 يۈەن بېرىلەتتى. مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ئىچىدە 4 ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا كىشىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان ياخشى خەۋەر تارقالدى: رەئىس ماۋزېدۇڭ جيەن بوزەننى «قوغداپ» قالغانىدى. ئەسلى ئىش مۇنداق بولغان: شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ج ك پ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 12 ـ يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى، رەئىس ماۋزېدۇڭ مۇھىم سۆز قىلدى، ئۇ جيەن بوزەننىڭ تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىش، خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرۇلۇق يوليورۇق بەردى. بۇ سۆز ئۇزاق ئۆتمەي ئىدارە ـ ئورگانلاردا دەرىجىمۇ دەرىجە يەتكۈزۈلدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇرۇشلۇق ئىشچى ـ ئەسكەرلەر ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جيەن بوزەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە بۇنى يەتكۈزدى ھەمدە مەكتەپنىڭ ماشىنىسىنى ئەۋەتىپ، ئۇ ئىككىسىنى مەكتەپكە ئەكىلىۋالدى، جيەن بوزەن ئەر ـ خوتون ئىككىسى يەنئەن يولى 68 ـ نومۇرلۇق قورۇدىكى بىر كىچىك ھويلىلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىككەيلەننىڭ تۇرمۇش پۇلى 30 يۈەندىن 120 يۈەنگە كۆپەيتىلدى ھەم ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغانغا پېنسىيىگە چىققان ئىشچى دۇشۇەن ورۇنلاشتۇرۇلدى.

جيەن ئەپەندى خۇددى يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەندەك كېچىلەپ ماۋزېدۇڭغا خەت يېزىپ رەھمەت ئېيتتى. بۇ خەت ئەتىسى ئەتىگەندىلا جوڭنەنخەيگە يەتكۈزۈلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رەئىس ماۋزېدۇڭ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن جيەن ئەپەندىنى ماختاپ «بۇخەت ياخشى يېزىلىپتۇ» دېگەن. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

بۇ سەھىپىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
نۇرگۈل كېرەم
تېلېفون: 61203ـــ4828065



مۇدىر ھامىدىن نىياز شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا ئىئوردانىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا قادى ماجالى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشتى. مۇئاۋىن مۇدىر لى فېڭزى، مۇئاۋىن باش كاتىپ مۇھەممەت رەجەپ، مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى دۇ يىجىن كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى.

# سۈرەتلىك خەۋەر

ئىئوردانىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ باشلىقى ئابدۇللا قادى ماجالى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا زىيارەتتە بولدى. مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى. مۇدىر ھامىدىن نىياز مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىدىكى قىسمەن كارخانىلارنى ۋە ساياھەت رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ياڭ يې فوتوسى



ئابدۇللا قادى ماجالى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شىنجاڭ گۇاڭخۇي تاش ماتېرىياللىرى پاي ھەسسىدارلىق شىركىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.



ئابدۇللا قادى ماجالى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلدى.




يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى قىسمەن كادىرلار شىخەنزە شەھىرىگە بېرىپ جۇ ئېنلەي زۇڭلى خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىگە ئىگە بولدى.

بېي فېڭ فوتوسى




دېۋىزىيە رەھبەرلىرى بېيچۈەن بازىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

جۇ گوجۇ فوتوسى

# «بىڭتۈەندىكى بىرىنچى بازار»
# شىخەنزە شەھىرى بېيچۈەن بازىرى






باغچىدىكى جۇ ئېنلەي زۇڭلى خاتىرە مۇنارى



يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا ئۆلگە رايونىدىكى قۇياش ئېنېر- گىيىسى ئۈسكۈنىسى.



3000 مولۇق ئۆلگە رايونىدىكى كېۋەز ئېتىزى.



ئۆلگە رايونىدىكى 28 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۈزۈم كارىدورى.



قىرى، يېڭى تېخنىكا ئۆلگە رايونىدىكى ئۆلگە كۆرسە- تىش بېغى.

بەت لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ شىنپىڭ

بى فېڭ فوتوسى

مەملىكەت ئىچىدىكى تىر تونۇش نومۇرى CN65 - 1166/D باھاسى 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433